


# تەڭرىتاغ

2

1999

# شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 2 - قېتىملىق
# ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



قۇرۇلتاي جۇشتۇەندىن بىر كۆرۈنۈش




قۇرۇلتايغا قاتناشقان يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال 1989 - يىل 2 - سان


## مۇندەرىجە

### ھېكايىلەر


پۇقرانىڭ قېنى ............ توختى ئايۇپ 12

باشلىق بولسا سىزدەك بولسا ............ ھەبىبۇللا ئىلياس 33

كىشىلىك دۇنياسىدىكى ئەرۋاھ ............ ئەسقەر ئېزىز 37

ئۇ ۋە ئۇلار ............ ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى 76

يېڭى يېزىدىكى كونا چۈشلەر ............ تۇرسۇنئاي يۇنۇس 78


### ئەدەبىي ئاخبارات


رىقابەت دولقۇنلىرىدا ............ نەيىم يۈسۈپ، مۇھەممەت شاۋۇدۇن 1

شىنفىلىك يېزىسىدىكى غەلىتە ۋەقە ............ ھىرجاك داۋيۇ، سۇلايمان ئابدۇللا تەرجىمىسى 48


### نەسىر ۋە فېليەتونلار


ئۈچ پارچە فېليەتون ............ ئالىم مۇقىمىت 27

ئىككى نەسىر ............ نىياز ئىمىن قۇربانى 41


### سۆيگۈ


قۇربان ئىمىن، ئابدۇشۈكۈر مەتىمىن، ئابلىكىم خىۋىر، ئابدۇللا سۇلايمان، مۇھەممەت سەئىدى مۇھەممەت قاسىم، تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم، ئازات ئابدۇللا، تەلئەت قادىرى، راخمانجان رۇسۇل، ئابلىكىم ھۆسەيىن، مۇختار ئابدۇقادىر، گۈلسۈم ھەيدەر، ئەخمەتجان ياسىن، ئابدۇللا غوجا ئەخمەت ............ 42


### ئوبزور


ئۆزبېك سوۋېت ئىنسىكلوپېدىيىسىنى تۈزۈشكە قاتناشقان تۇنجى ئۇيغۇر ئالىمى —

مۇھەممەت زەيدى ........................................ پولات مۆمىن 109

## شېئىرلار

مەسەل، چۆچەك، شېئىرلار ........................ ھەسەن ئىسلىمۇۋالدى 61
ئىككى شېئىر ........................................ راھىلە كامال 64
كۆگۈل قەرىدە چاقماقلار .............................. ئالىمجان ئازات 65
شېئىرلار ............................................. زۇنۇن رېھىم 66
شېئىرلار ............................................. روزى نىياز 69
ئىككى شېئىر ........................................ ئادىلجان تۇنىياز 71
شېئىرلار ............................................. ئابدۇكېرىم ئوسمان 72
قەلب قەسىرىدىكى ھىجران ناخشىلار ............ ئەكبەر داۋۇت (تەنھايى) 73
شېئىرلار ............................................. قۇتلۇق قادىر 74

## مۇنازىرە سەھنىسى

بۇنداق مۇھەببەتكە ھېسداشلىق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق .............. فالك مىھرى 56
ئۇلارنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ ........................................ شۇن دا 57

## دراما

ۋەيرانە ئۆيدىكى ئېلىشىش ........................ ئەخمەت ئىمىن تەرجىمىسى 96

## بىزنىڭ ئاتاقلىق ئەدىپلىرىمىز

كىلاسسىك شائىر مەھمۇت ھېكىمبەگ ........................ 58

مۇقاۋىدىكى سۈرەتلەرنى غەيرەت ئوسمان تارتقان.
تىتولنى راخمان ئابلىز، رەڭ تۈشلۈك ئىشلىگەن.
مۇقاۋىنى بېتىنىياز ئولمايىت لايىھىلىگەن.

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم باقى
مەسئۇل مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇھەررىرلەر: پولات ھېۋىزۇللا، ئەركىن نۇر
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

# رىقابەت دولقۇنلىرىدا

(ئەدەبىي ئاخبارات)

نەيىم يۇسۇپ، مۇھەممەت شاۋۇدۇن





## ئۆزىنىڭ قەددىنى ئۆزى كۆتۈرۈش

ئەخمەت سابىت ئۆز ياتىقىدا كەچلىك تاماقنى ئىچىپ يەپ بولۇپ بىسەرەمقاندىن كېيىن كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، جوزىنىڭ بىر بۇرجىكىدە تۇرغان خەتنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتتى. بۇ ئۇنىڭ كۆيۈمچان ئايالى ھەپىزەمدىن كەلگەن خەت ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى تۆتىنچى سائەتلىك دەرستىن چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىدا لى لاۋشى ئۇنى چاقىرىپ:

— ئا چاڭجاڭ، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىن بىر پارچە خېتىڭىزنى ئالغاچ كەلدىم، ئۆيىڭىزدىن كەلگەندەك قىلىدۇ. بۇ خەتنىڭ سىزگە خاتىرجەملىك، مەدەت ۋە دەۋەت ئېلىپ كەلگەن خەت بولۇشىنى تىلەيمەن، — دېگەن ئىدى سەمىمىي كۈلۈمسىرەپ خەتنى ئۇنىڭغا بېرىپ.

ئەخمەت خەتنى قايتىدىن ئوقۇغىنىدا، ئۇنىڭغا مۇنۇ قۇرلار ئاجايىپ قۇدرەتلىك تۇيۇلدى:

«سىز قالتىس ئىرادىلىك ئىدىڭىز. شۇڭا سىزنىڭ بۇرۇن ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلەردە يەڭگەن قىيىنچىلىقلىرىڭىز ئاز ئەمەس، سىز خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە قاتتىق بېرىلىپ كېتىپ ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ قالغان چاغلىرىڭىزدا، مەن سىزگە سەمىمىي ھالدا، — ئەخمەت، بۇنچىۋالا جېنىڭىزنى ئۇپرىتىپ نېمە قىلىسىز، كۆرگەن كۈنىمىزگە شۈكرى قىلىپ، ئەل قاتارى ئىشلەپ، ئەل قاتارى ئۆتسىڭىز بولمامدۇ، دېگىنىمدە، سىز ماڭا مىقتەك قادىلىپ، چەكسىز غۇرۇر ۋە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن، — مەن شۈكرى - قانائەت قىلىپ بىر ئىزدا تۇرۇۋېرىدىغان ھورۇن - زەئىپلەردىن ئەمەسمەن، ئەقىل - پاراسەت، كۈچ - قۇۋۋەتتە ھېچكىمدىن قالغۇچىلىكىم يوق، ھېسابتا بار، ھەمدەمدە يوق بولۇپ، باش- قىلارنىڭ كەينىدە سۆرۈلۈپ يۈرۈشنى راۋا كۆرمەيمەن. مەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىشىم، ھېچبولمىغاندا باشقىلار بىلەن تەڭ

مېڭىشىم كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەرمۇ ئاچچىق تولغاق ئازابىغا چىدىغاندەك، مەنمۇ قىيىنچىلىققا چىدىمىسام، ئۇنى يەڭمىسەم بولمايدۇ، دېگىنىڭىز ئېسىڭىزدىدۇ؟! ئەخمەت، ئىشىنىمەنكى، سىز ھېلىھەم شۇنداق غەيرەتلىك ۋە ئىرادىلىك. سىز بۇ مەكتەپتىمۇ چوقۇم قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئالدىنقى قاتارغا ئۆتەلەيسىز، ئۆيدىن قەتئىي خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىشىڭىزنى كۈتىمەن!»

بۇ سۆزلەر ئەخمەتنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇ خەتنى قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەككەندىن كېيىن، يېنىدىكى كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتتى. شۇ دەم ئۇنىڭ چەكسىز نۇقتىغا تىكىلگەن كۆز نۇرى قار ئۇچقۇنلىرى تىنماي ئۇرۇلۇۋاتقان دېرىزىدىن ئۆتۈپ، 5000 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بوغدا ئېتىكىگە ئۇزاپ كەتكەنىدى.

ئەنە، قەدىردان زاۋۇتى — شىنجاڭ ئېلېكتر سىملىرى زاۋۇتى. ئەخمەت سابىت سانجى شەھىرىدىن 5 — 6 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خىلۋەت سايغا جايلاشقان مۇشۇ زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى خاربىن ئېلېكتر سانائىتى ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كەلگەنىدى.

ئەخمەت سابىت 1969 - يىلى ھەربىي سەپتىن بوشىنىپ بۇ زاۋۇتقا 3 - دەرىجىلىك ئىشچى بولۇپ كىرگەنىدى. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان بۇ زاۋۇتتا 15 يىلنى ئۆتكۈزدى. بۇ زاۋۇتتا دەسلەپتە ئاران 100 گە يېقىن ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، ئەخمەت سابىت شۇلارنىڭ ئارىسىدا بىردىنبىر مىللىي ئىشچى ئىدى. ئۇ ئاران تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىغىچىلا ئوقۇغان. شۇڭا بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈستىگە خەنزۇ تىل - يېزىقىنىمۇ بىلمەيتتى. بۇ مەزگىللەردە ھۆكۈمەتسىزلىك يامراپ، زاۋۇت - كانلار پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، كىشىلەر خالىسا ئىشلەپ، خالىمىسا ئىشلىمەيدىغان بولۇۋالغان، بىلىم، تېخنىكا دېگەننىڭمۇ ئېتىبارى قالمىغان. مۇشۇنداق كۈنلەردە زاۋۇتقا كىرگەن ئەخمەت سۇنىڭ ئېقىشىغا ئىش كۆرۈپ لاغايلاپ يۈرمەي، بىر تەرەپتىن، خەنزۇ تىل - يېزىقى ۋە مەشغۇلات تېخنىكىسىنى ھارماي - تالماي ئۆگەندى، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاقىت - سائەت بىلەن ھېسابلاشماي، تاپا - تەنىلەرنى ئاڭلاپ سوۋۇپ قالماي، يۈكسەك قىزغىنلىق ۋە جانپىدالىق بىلەن ئىشلىدى. ئۇ شۇ چاغلاردا: «مەن شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر ئەزاسى، ئىشچىلار سىنىپى دۆلەتنىڭ خوجىسى، دۆلەت ئۈچۈن بىۋاسىتە بايلىق ياراتقۇچى. دۆلەتنىڭ خوجىسى بولغانلار دۆلەتكە كۆيۈنمىسە، ياخشى ئىشلىمەي لاغايلاپ يۈرسە، بىكار يېتىپ يېسە، دۆلەتكە بايلىق نەدىن كېلىدۇ؟» دەپ ئويلايتتى ۋە ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئويلىغىنىدا، ۋۇجۇدىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. نېمە ئىش قىلسا، شۇ ئىشقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاش، نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا، شۇ كەسىپنى پىششىق ئىگىلەش ۋە شۇ كەسىپنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ياخشى ئىشلەش ئەخمەت سابىتنىڭ چىن ئەقىدىسى ئىدى. كەسىپنى پىششىق ئىگىلىمىسە ياخشى ئىشلىگىلى

ئالغا باسقىلى بولمايدۇ. كەسىپنى پىششىق ئىگىلەش ئۈچۈن ھاردىم - تالدىم دېمەي ئۆگىنىش كېرەك. ئېلېكتىر سىمى تېخنىكىسىدىكى دائىر ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىلا خەنزۇچە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز ئەقىدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، زاۋۇتتىكى خەنزۇ كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىپ، مەشغۇلات تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگىلەپ، تېخنىكىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشقا قەتئىي بەل باغلىغانىدى. ئۇ، شۇ ئەرقىدە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھەر جەھەتتىن تېز ئالغا باستى. 70 - يىلىدىن 75 - يىلىغىچە ئۇدا بەش يىل ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇپ باھالاندى.

ئەخمەت ئوچاستىكا باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن چاغلاردا، بىر كۈنى كەچلىك ئىشتىن چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئادىتى بويىچە ئۆزىگە قاراشلىق ئىش ئورۇنلىرىدىكى ئەسۋاب - گۇرۇپپىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، مەلۇم بىر گۇرۇپپىنىڭ ئىش ئورنىدا تېخنىكىلىق مەسىلە چىقىپ قالغانلىقىنى، ئەسۋاب تاپشۇرغۇچىلار بىلەن تاپشۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ بۇ مەسىلىنى تېز ھەل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى نورمال داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن جىددىي چارە - تەدبىر قوللىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، ئىشچىلار بىلەن تەڭلا يەڭ شىمايلاپ، كۆرۈلگەن چاتاقنى ھەل قىلىشقا تۈتۈندى. ئۇلار شۇ ھەپىلەشكىنىچە ۋاقىتنىڭ يېرىم كېچە بولۇپ قالغىنىنىمۇ تۇيمىدى. ئادەتتىكى ئىسمېنىدىكىلەر ئىشتىن چۈشۈپ، كېيىنكى ئىسمېنىدىكىلەرمۇ ئالمىشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغىنىنى پەملىگەن ھەمرازىم خاتىرجەم بولالماي، ئاخىرى تاماق ئېلىپ ئىش ئورنىغا كەلدى. يۇقىرىقى خەتتە تىلغا ئېلىنغان سۆزلەر ئەخمەت بىلەن ھەمرازىم ئوتتۇرىسىدا ئەنە شۇ چاغدا دېيىلگەنىدى.

ئەخمەت شۇلارنى ئەسلەپ، كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق ھالەتتە پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى.

ئەخمەت ھېچكىمگە يۆلەنمەي، ھېچقانداق ئېتىبار، غايىۋانە يار - يۆلەك تاما قىلماي، ئۆزىنىڭ ئەمگىكى بىلىمىگە، ھالال ئەجرىگە تايىنىپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇ يېقىنى كەم ئوقۇپ، سان - ساناقسىز دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئاش - تاماقنى، ئويۇن - تاماشالارنى، ئاغرىق - ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ، خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان روھ بىلەن ھارماي - تالماي ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشى ئۇنى پەللىمۇ - پەللە يۇقىرى كۆتۈردى. شۇڭا ئۇ 80 - يىلىغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە ئەسۋاب - گۇرۇپپا باشلىقى، ئوچاستىكا باشلىقى، تېخنىك، سېخ مۇدىرى، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى بولدى. زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگىنىدە، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا تەييارلىق قىلىپ، زاۋۇت رەھبەرلىكىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، خاربىن ئېلېكتىر سانائەت ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىردى. خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆزىنىڭ كەسپىي خىزمىتى ھۆددىسىدىن بىمالال چىقىش دەرىجىسىدە ئۆگىنىپلا قالماي، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىن ھالقىپ، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت» قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلەرنى بىمالال ئوقۇپ چۈشىنەلىگۈدەك دەرىجىگە يەتتى. ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش يولىدا تارتقان جاپاسى ۋە باشتىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى ئاز ئەمەس.

ئەخمەت ساۋىت 1976 - يىلى تېخنىك بولغاندا، بۇنى ئۆزى ئۈچۈن كۆرەلمەس دەسمايىسى ئەمەس، بەلكى ئېغىر بېسىم. ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش-

نىڭ غايىۋانە كۈچلۈك ھەيدەكچىسى قىلدى. ئۇ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھەقىقىي تېخنىك بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىكا ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۆگىنىشكە باشقىدىن بەل باغلىدى. ئېلېكتىر تېخنىكىسىغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىش. بىلەن بىللە ئالىي ماتېماتىكا، خىمىيە، فىزىكا قاتارلىق ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىنى ئۆگىنىشكە قاتتىق كىرىشىپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى تېخىمۇ ئولتۇرۇشۇپ، ئاق پېشماق يۈزلىرى كىچىكلەپ، ياڭاقلىرى تومپىيىپ چىقىشقا باشلىدى.

ئەخمەت رۇسچە ئۆگىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە بىر كىتابتىن مەشھۇر ئالىم لومونوسوۋنىڭ چەت بىر يېزىدا 12 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ داشۆگە كىرگەنلىكى، ئۇلۇغ ئالىم سولكوۋىسكىنىڭ ئالىي ماتېماتىكا بىلەن فىزىكىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، 23 يېشىدا شۇ پەنلەردىن دەرس ئۆتكۈدەك سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئوقۇپ تولىمۇ تەسىرلەنگەنىدى. ئۇ ھەر دائىم ئۆگىنىشتە بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچكەلسىلا، مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۆزىنى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ باراتتى.

ئەخمەت بىر ئاخشىمى سېختا ماتېماتىكىدىن بىر فورمۇلانى يېشەلمەي باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغىنىدا، خىزمەتداشلىرىدىن بىرسى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ھەي ئەخمەت، سەن ھەربىي سەپتىن كەلگەن، سىياسىي جەھەتتىن ئىشەنچلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن پۈتۈن زاۋۇتىمىزدا بىردىنبىر مىللىي ئىشچى. سەن ئۆگەنمەيمەن دەپ بۇنچىۋالا جاپا تارتمىساڭمۇ ياخشى ئېتىبارغا ئىگە بولالايسەن. شۇڭا تولا ئۆزۈڭنى قىيناپ ئاۋارە بولما، — دېدى. ئەخمەت ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ كەتمىدى ـ يۇ، ئۆز كۆز قارىشىنى يوشۇرماستىن ئوچۇق ئېيتتى:

—....... مەن ئېتىبارغا يۆلىنىپ جان باقمايمەن، يۆلەنچۈككە يۆلىنىپ قەد كۆتۈرمەيمەن، ئۆزۈمنىڭ شان ـ شەرىپىنى ئۆزۈم يارىتىمەن، ئۆز ئىستىقبالىمنى ئۆزۈم يارىتىمەن، مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ھەممىنى قىلىشقا قادىر بولۇشۇم كېرەك...

بۇ سۆزلەر ھەرگىزمۇ ئەخمەتنىڭ ھېسسىياتقا بېرىلىپ ياكى ئۆزىنى چاغلىماي دەپ قويغان گەپلىرى ئەمەس، بەلكى قەلب خىتابى، چىن ئەقىدىسى ئىدى. ئەخمەت دائىم مۇنداق ئويلايتتى: ئادەم تۇغۇلۇشتىلا ھەممىگە قادىر بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. ئەقىل ـ پاراسەت، ئىقتىدار، تالانت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىگىلىمەي ـ پۈكۈلمەي تىرىشىپ ئۆگىنىشىگە باغلىق. شۇڭا مەشھۇر كەشپىياتچى ئېدىسون: «كەشىپ قىلىش بىر پىرسەنت ئىلھام ئۈستىگە 99 پىرسەنت قان ـ تەرنى قوشۇش دېمەكتۇر» دەپ توغرا ئېيتقان. بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس بىر روھىي بولۇشى، بىر ممالەت ۋە بىر شەخسنىڭمۇ ئۆزىگە خاس روھىي بولۇشى كېرەك. مۇنداق بىر مەنىۋى تۈۋرۈك بولمىسا، باشقىلار قىلالىغاننى چوقۇم قىلىشقا بەل باغلىيدىغان، ھەتتا باشقىلار قىلالمىغان ئىشلارنىمۇ قىلىشقا قەتئىي بەل باغلايدىغان يۈكسەك بىر ئىرادە ۋە ئەمەلىي جاسارەت بولمىسا، ھەممىلا ئىشتا پۇرسەت، شەرت ـ شارائىت، ئېتىبار بېرىشنى كۈتۈپ، ئۈژمە پىش، ئاغزىمغا چۈش، دەپ يۈرىدىغان ھورۇنلۇق، تەييار تاپلىق، تاماخورلۇق ئادەمنى مەڭگۈ ئارقىدا قالدۇرىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تارىخىنى ئۆزى يازىدۇ، «ساقالغا چاپلاشقان چۆپتە قورساق تويمايدۇ، باشقىلارنىڭ ياردىمى، غەمخورلۇقى

كويا ساقالغا چاپلاشقان چۆپكىلا ئوخشاش...

ئەخمەت ئۆزىنىڭ دىكەنلىرى ۋە ئويلىغانلىرىنى ئەمەلىيەتتە تولۇق كۆرسەتتى. ئۈچ يىل تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېلېكتىر تېخنىكىسى ۋە ئېلېكتىر سىمى، كابىل ياساشقا دائىر تېخنىكىلىق مەشغۇلات قائىدىلىرى ۋە شۇلارغا دائىر بىلىملەرنى مەلۇم دەرىجىدە ئىگىلىگەندىن تاشقىرى ئالىي ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتى. 1966 - يىلى ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويغان رۇس تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى. ئېلېكتىر سىمى، كابىل ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ياپونىيىنىڭ دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ئىكەنلىكى، بۇ ساھەدە ياپونچە تېخنىكىلىق ماتېرىياللارنىڭ موللىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ياپون تىل - يېزىقىنى ئۆگەندى. ئۇ، مۇشۇ 10 يىل جەريانىدا ئالتە سائەتتىن ئارتۇق ئۇخلاپ باقمىدى، بىرەر دورەمۇ ۋاقتىدا تاماق يەپ، ۋاقتىدا يېتىپ باقمىدى، شۇنداق قىلىپ، ئەخمەتنىڭ بىلىمى چوڭقۇرلىشىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، سەۋىيىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئەخمەت شۇ ئاساستا تېخنىكا يېڭىلاشقا دادىل كىرىشىپ، بىر نەچچە تېخنىكا يېڭىلىدى، بىرمۇنچە ئەقلىغا مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە تۈرىنى كۆپەيتىشكە تۆھپە قوشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ، لايىھەلەپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ يېڭىدىن ئىشلەپچىقارغان سۇلياۋ قاپلىق ئېلېكتىر سىمى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.

1982 - يىلى ئۇ مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تېخنىكا يېڭىلاش ماھىرى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئەخمەت ئادەملىك ۋۇجۇدىدا چەكسىز يوشۇرۇن كۈچ بولىدىغانلىقىنى، بۇ كۈچ قېزىلغانسېرى ئۇلغىيىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئاجايىپ روھلىنىپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا ياتاقنىڭ ئىشىكى چېكىلدى، ئەخمەت ئىشىكنىڭ چېكىلىشىدىنلا لى لاۋشى كەلگەنلىكىنى پەملەپ، دەرھال ئىشىكنى ئاچتى.

لى لاۋشى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى بولۇپ، بۇ يىل 51 ياشقا كىرگەنىدى. بۇ مۇئەللىم خۇددى ئەخمەتكە مەخسۇس فۇداۋ قىلىپ بېرىشكە مەسئۇل قىلىپ قويغاندەك، 9 - ئايدىن باشلاپ ھەر كۈنى 3 - 4 سائەت فۇداۋ قىلىپ بەرگەندىن تاشقىرى بارلىق يەكشەنبە كۈنلىرى ۋە شەنبە ئاخشاملىرىدىكى دەم ئېلىشلىرىنى قۇربان قىلىپ، ئەخمەتكە فىزىكا، خىمىيە دەرسلىرىدىن فۇداۋ قىلىپ بېرىپ كېلىۋاتاتتى. لى لاۋشى ئەخمەت تاكى بىرەر قائىدە ياكى مەسىلىنى تولۇق چۈشەنگەنگە قەدەر زېرىكمەي - تېرىكمەي ئىنتايىن ئەستايىدىل چۈشەندۈرەتتى. شۇڭا ئەخمەت ئۆزىنىڭ بۇ ئوقۇتقۇچىسىغا تولىمۇ ئىخلاس قىلاتتى ۋە ئىچىدىن كەتكەنىدى. ئەخمەت كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئۇنىڭغا ئارتىنماي ئېيتاتتى. شۇڭا بۇ ئوقۇتقۇچى ئەخمەتنىڭ ئوقۇش ئىرادىسىدە سەل - پەل تەۋرىنىش بولغانلىقىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى.

ئەخمەتنىڭ ئوقۇش ئىرادىسىدە تەۋرىنىش پەيدا بولۇشىدا مۇنداق سەۋەبلەر بار ئىدى: بىرسى، 40 ياشقا كىرىپ قالغان ئەخمەت ئۈچۈن ئائىلىدىن ئايرىلىپ ئوقۇش ئاسان ئەمەس ئىدى، يەنە بىرسى، ئەخمەت پۈتۈن مەكتەپ بويىچە بىرلا مىللىي بولغاچقا، تاماقنى ئۆزى ئېتىپ يېيىشكە توغرا كېلىپ

تۇرمۇشتىمۇ قىيىنالدى، مۇھىمى، ئاساسىي ئاجىز بولغاچقا ھەر كۈنى كەچ سائەت 3–4 لەرگىچە ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىشىمۇ بىر دىنچى ھەۋەسىدە. ئالىي ماتېماتىكا، خىمىيە، بېسىك تىلى، سىياسىي ئىقتىساد، كارخانا باشقۇرۇش، كابېل ئىزولىيەتسىيە ماتېرىياللىرى، ئىنگلىزچە قاتارلىق يەتتە دەرسنى ئۆزلەشتۈرۈپ، باشقىلارغا يېتىشىپ ماڭالماي كۆپ قىيىنالدى، شۇڭا ياخشى ئوقۇيالماي يەرگە قاراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئوقۇشتىن يالتىيىش خىيالىغا كەلگەنىدى.

ئەخمەت ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئويىغا قارىتا ئايالىدىن كەلگەن خەتتە، قانداق پوزىتسىيە بىلدۈرۈلگەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ يۇقىرىدا ئويلىغانلىرىنى لىلاۋشىغا سۆزلەپ بەردى. ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە شۇنچە سەممىي مۇڭداشتى. لىلاۋشى ئاخىرىدا ئەخمەتنىڭ ئوقۇشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن سۆزلىدى.

ئەخمەت شۇندىن ئېتىبارەن غەيرەت كۆرسىتىپ، غەيرەت قىلىپ، كۈنىگە تۆت سائەت ئۇخلاپ، 20 سائەت تىرىشىپ-تىرمىشىپ قاتتىق ئۆگىنىپ، ئىككىنچى مەۋسۇمدىن باشلاپ باشقىلارغا يېتىشىپ ماڭدى، ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ ھەممە پەنلەردە ئالدىنقىلار قاتارىغا ئۆتۈپ، ئاخىرىدا 23 پەندىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردى. تىرىشچانلىق ئەخمەتكە شان-شەرەپ كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قەددىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى.

1985-يىلى ئەخمەت خاربىندا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا، زاۋۇتتىكى كادىرلار، زىيالىيلار ۋە كەڭ ئاممىلار ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىغانلىقى، تاغدەك مۈشكۈل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقى ۋە يىلدا ئىككى قېتىم كېلىپ زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى ئەتراپلىق سەرەمجانلاشتۇرۇشتىن باشقا داۋاملىق خەت، تېلېفون ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى قويۇپ كېلىۋاتقانلىقى قاتارلىق تەسىرلىك ئىشلاردىن ئىلھاملىنىپ، زاۋۇتنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئەخمەت بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ بىردەك ئاۋاز بىلەن ئۇنى زاۋۇت باشلىقى قىلىپ سايلاشتى.

## يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش

...يەنە شۇڭا، ئەخمەت تولا كېلەۋەردى؛ ئەمگەك-ئىش ھەققى بۆلۈمىنىڭ خادىمى، ماشىنا-سايمانلار ئېسكىلاتىغا ئالمىشىپ قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ كېلىگەن، بىر يىلدىن ئىلتىماسىنى قويۇپ بۆلۈمدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزگەرگە ۋە ئىلتىماسقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ قاراپ قاچقانلىقى، قىسىپ قويۇلغان. ئورۇنغۇن ئىلتىماسلار قاتارىغا قىسىپ قويىدى. دېمىسىمۇ، بۇرۇن ئاپتو شىركىتىنى ۋە شىركەتنىڭ ماشىنا-سايمانلار ئېسكىلاتىدىن يىغلاپ-قاخشاپ ئالمىشىۋالغانلاردىن يېقىندىن بۇيان شىركەتكە قايتىپ كېلىشنى، يەنى شىركەتنىڭ شەھەر ئىچىدىكى تارماقلىرىدىن ئېسكىلاتقا قايتىپ بېرىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلار كۆپ ئىدى. بۇنى ئاز دەپ، قېرىنداش ئورۇنلاردىن شىركەتكە ئالمىشىپ كېلىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىنارقا مەشارقىدىن كېلىپ، مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم ۋە رەھبەرلەرگىمۇ ئۆز تەلەپلىرىنى

ئېتىلىشىپ ئىلتىماسلىرىنى سۇنۇشماقتا ئىدى.

شىركەتنىڭ ماشىنا-سايمانلار ئىسكىلاتى بۇرۇنمۇ ئۈرۈمچى شەھەر ئىچىدىن 18 كىلو-مېتىر يىراقلىقتىكى قاقاس سايلىقتا بولسا ھازىرمۇ شۇ يەردە ئىدى. كۆلىمى 200.000 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان بۇ ئىسكىلات غەربىي پويىز ئىستانسىغا يېقىن بولغانلىق ئۈستىگە ئىسكىلاتقا پويىز بىلەن كىرىشىپ چىقالايتتى. شۇڭا بۇ ئىسكىلات پويىزدىن يۈك چۈشۈرۈش، ساقلاش، ئاپتوموبىللارغا يۈك قاچىلاشتا تولىمۇ ئەپلىك بولۇپ، پايدىلىنىش ئۈنۈمى خېلىلا يۇقىرى ئىدى. لېكىن ئىسكىلات-تىن يېتەرلىك پايدىلىنىلماي، ئۇنىڭدا پەقەت شىركەتنىڭلا يېڭى-ئىشلىتىلمىگەن ماشىنىلىرى ۋە زاپچاس-لىرى پويىزدىن چۈشۈرۈلۈپ، ساقلىنىپ كەل-گەنىدى. شۇڭا ئىسكىلاتنىڭ مال سىغدۇ-رۇش ئىقتىدارى تولۇق جارى قىلدۇرۇلماي، كىرىم قىلىش ئىمكانىيىتى شۇنچە كەڭ تۇرۇق-لۇقمۇ بىر تىيىنمۇ كىرىم قىلالمىغان. شىر-كەت بۇ يەردىكى 100 گە يېقىن ئىشچى-خىز-مەتچى ۋە 50 نەچچە ئائىلە تەۋە ئىشچىلار-نىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ھەر يىلى مالىيە-دىن 350 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتاتتى، بۇنىڭدىن باشقا دائىم دېگۈدەك قوشۇمچە ياردەم بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. مۇكاپات، پاراۋانلىق دېگەنلەردىن سۆز ئېچىشمۇ قىيىن ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئۇزاق-قىچە ئۆزگەرمەي بىر خىل تۇرۇۋەرگەچكە جەلپ قىلىش كۈچى تۆۋەنلەپ، كىشىلەر بۇ يەردىن سوۋۇش ۋە زېرىكىشكە باشلىغان. شۇڭا بەزىلەر بۇ يەردىن ئالمىشىپ كەتكەن، تۇرغۇن كىشىلەر ئالمىشىش كويىغا چۈشكەن ئىدى.

ئەخمەت سابىت سانجى ئوبلاستىغا قاراش-لىق شىنجاڭ ئېلېكتىر سىمى-كابېل زاۋۇتى-دىن ئاپتونوم رايونلۇق يېزا-ئىگىلىك ما-شىنىلىرى تەمىنلەش شىركىتىگە جەڭلى بولۇپ يۆتكىلىپ كېلىپ، ئارىدىن 20 كۈن ئۆتۈپلا 1987-يىلى 10-ئاينىڭ 23-كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى چاقىرغان 3-تۈركۈمدىكى ھۆددى-دىگە ئېلىپ باشقۇرىدىغان كارخانىلارنى ھۆددىگە ئېلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، بۇ شىركەتنى ھۆددىگە ئالدى ۋە تۆت يىللىق مۇددەت بىلەن ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش توختامنامىسىغا ئىمزا قويدى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇ، ئىسكىلاتقا چىقىپ ئىسكىلاتنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرى بىلەن تونۇشتى. ئەخمەت سابىت كۆلىمى كەڭ، سىغىمچانلىقى يۇقىرى، قاتناش قولايلىق، يوشۇرۇن كۈچى زور مۇشۇنداق ياخشى بىر ئىسكىلاتنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە توغرا لېنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقە، كۈچىيىۋاتقان ھازىرقى پەيتتە بېكىنمە ھالەتتە تۇرغىنىغا، ئىسكىلات-تا تۇرغۇن كونا-يېڭى يېزا-ئىگىلىك ماشىنى-لىرى ۋە زاپچاسلارنىڭ سېتىلماي بېسىلىپ ياتقانلىقى، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بېسىلىپ ياتقىنىغا 20 نەچچە يىل بولغانلىقىغا تولى-مۇ ئەپسۇسلاندى. بېسىلىپ قالغان بۇ ماشىنا ۋە سايمانلار ئىسكىلاتتا تۇرغۇن تۇرۇۋېرىشى ئىنگىلىسىپلا قالماي، بۇ ماشىنا-سايمانلارنى سېتىۋالغىچە بانكىدىن ئالغان قەرزنىڭ ئۆسۈمى يىلدىن-يىلغا ئۆسۈۋېرىپ، شىركەت-نى باش كۆتۈرگۈزمەيدىغان ئېغىر يۈككە ئايلانغان. بۇ ئىش ئەخمەت سابىتنى ئويلان-دۇرماي قالامدۇ؟! ئۇ بېسىلىپ قالغان ماللارنى بىر ئامال قىلىپ تۈگىتىپ ياكى ئازايتىپ ئىسكىلاتنىڭ مال چۈشۈرۈش مەي-دانلىرىنى بىكارلاپ ۋە يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ

قىزۇرۇپ، ئۇنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى، شۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ شىللىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنىمۇ ئېلىۋېتىشنى، ئىسكىلاتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىمۇ ئۆستۈرۈشنى ئويلىدى. ئۇ يەنە ئىسكىلاتنىڭ بىپايان مەيدانلىرىغا نەزەر تاشلاپ بۇ يەرگە بىر توخۇ فېرمىسى قۇرۇشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئەخمەت سابىت بۇ پىلانلىرىنى شىركەت ۋە ئىسكىلات رەھبەرلىرىگە ھەمدە ئىسكىلاتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئىزھار قىلغىنىدا، ھەممەيلەن خۇشال بولۇپ قىزغىن ئالقىشلىدى.

يېڭى يىل مۇشۇ يەردىن باشلاپ ئېچىلادى. ئىسكىلات شىركەتكە قاراشلىق بىرقانچە كەسپىي بۆلۈم ۋە تىجارەت ئورۇنلىرى قاتارىدا دەسلەپكى قەدەمدە ھۆددىگە بېرىلىپ توختام تۈزۈلدى. ئىسكىلات مەسئۇللىرى ھەر يىلى شىركەتتىن ئالىدىغان 350 مىڭ يۈەن پۇلنى ئالمىغانىنىڭ سىرتىدا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ يىلىغا 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىش، شىركەتكە 100 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئىسكىلاتنى ھۆددىگە ئالدى. چۆلدەرەپ قالغان بۇ ئىسكىلات شۇندىن ئېتىبارەن بۆلەكچە جانلىنىپ ئەتراپنى جۇشقۇن كەيپىيات قاپلىدى. ئەخمەت سابىتنىڭ دادىل تەشەببۇس قىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەرەپ-تەرەپلەرگە قاتراپ ئالاقىلىشىپ كېلىشىشى بىلەن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا 5 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى بېسىلىپ قالغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە كونىراپ كېرەكسىز چىققان ماشىنا زاپچاسلىرىنىڭ بەزىلىرى بىراك قىلىنىدى. بىر قىسمىنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلۈپ سېتىلدى، يەنە بىرقىسمىنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلۈپ ئەسلى ئىشلەپچىقارغان زاۋۇتلارغا قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن شىركەت ئېغىر ئىقتىسادىي يۈكتىن ئازاد بولسا، ئىسكىلات يېڭىسى مال چۈشۈرۈشكە مەيدان بىكار قىلىۋالدى. ئىسكىلات رەھبەرلىرى ئۇچۇرغا سەزگەك بولۇپ ماھىرلىق بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىسكىلاتقا قوبۇل قىلىدىغان مال مەنبەلىرىنى كېڭەيتىپ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر ۋە قېرىنداش زاۋۇت، كان-كارخانىلارنىڭ ماللىرىنى چۈشۈرۈپ، ساقلاپ، قاچىلاپ بېرىشكە باشلىدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، قاچان مال كەلسە شۇ ھامان چۈشۈرۈپ، زىيان-زەخمەتسىز ساقلاپ، مال ئىگىلىرى قاچان كەلسە، شۇ ھامان بىخەتەر قاچىلاپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلدى. ئۇلار مال ئىگىلىرىنى كۆپلەپ جەلپ قىلىش ۋە ئىسكىلاتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمىدى، قەھرىتان سوغۇق، تومۇزنىڭ ئىسسىقلىرىدىمۇ ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلماي، ۋاقتىنى، ئۈنۈمىنى چىڭ تۇتتى. نەتىجىدە، يىل ئاخىرىدا بۇ ئىسكىلات سىرتتىن بىر مىليون يۈەن كىرىم قىلىپ، پىلاندىكىدىن 500 مىڭ يۈەن ئاشۇردى. توخو فېرمىسىمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئىسكىلات ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىركەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى قەرەللىك ھالدا يېڭى تۇخۇم، سېمىز توخۇ گۆشى بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى. شەھەردىن ئىسكىلاتقا چىقىپ ئىشلەيدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بېرىپ كېلىشتىكى قاتناش قىيىنچىلىقى ھەم ھەل بولدى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆسكەنلىكتىن ئىسكىلاتتا ئىشلەيدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە مائاش، مۇكاپاتتا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش ئىمكانىيىتىمۇ بار بولدى. نەتىجىلەر كىشى-

لەرنىڭ كارخانا ئىسلاھاتىغا، جۈملىدىن ئەخمەت سابىتقا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، كېيىنكى قەدەمنىڭ ئۇتۇقلۇق بېسىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىپ بەردى.

ئەخمەت سابىت شىركەتنى ھۆددىگە ئالغان كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە 3-تۇرگۇمدە 26 كارخانا تەڭلا ھۆددىگە بېرىلگەنىدى. ئەخمەت سابىت شۇ كۈنى كارخانىلارنى ھۆددىگە ئالغان 26 كارخانىچىنىڭ ئىچىدە بىردىنبىر مىللىي كارخانىچى ئىدى. ئەخمەت سابىت ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن چوڭ رىقابەت دولقۇنىغا شۇڭغۇپ كىرگەنىدى. ئۇ گويا ئۆزىنى 26 چەۋەنداز قاتارىدا جىددىي بەيگىگە چۈشكەن چەۋەنداز، 26 پالۋان بىلەن مەيدانغا چۈشكەن بىر پالۋان ھېسابلايتتى. ئۇ تولىمۇ روھلۇق، ئۈمىدۋار ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ قەلبىدە كىرىزىس ھېسسىياتى دولقۇنلاپ، رىقابەت ئېڭى ۋە غەم-ئەندىشە ئېڭى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۇ مۇنداق ئويلايتتى: رىقابەت رەھىمسىز، ئۇ يۈز-خاتىرىنى بىلمەيدۇ. ياخشى بولىدىكەنسەن، تاللىنىسەن، ناچار بولىدىكەنسەن، شاللىنىسەن. مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك تاللىنىش ياكى شاللىنىش خەۋپىگە ئۇچراپ تۇرىمەن، لېكىن بۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس. باشقىلاردا بار رىقابەت ئىقتىدارى مەندىمۇ بار. مەن بەلنى باغلاپ ئاتقا مىنگەشكەن ئىكەنمەن، بوش كەلمەي بۇ بەيگىدە — كەسكىن رىقابەت دولقۇنىدا كارامىتىمنى كۆرسىتىپ، جەزمەن ئۈزۈپ چىقىشقا تىرىشىشىم كېرەك!

ئەخمەت سابىت ئەنە شۇنداق ئىرادە ۋە جاسارەت بىلەن سەپكە ئاتلىنىپ، ئىشنى مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىدى. بۇرۇن بۇ شىركەتتە مالىيە بۆلۈمىدىن ئىبارەت بىر دەرىجىلىكلا ھېسابات تۈزۈمى بولۇپ، مالىيە باشقۇرۇش تولىمۇ قالايمىقان ئىدى. ئاساسىي قاتلاملار ئۆزلىرىنىڭ پايدا ئېلىۋاتقان ياكى زىيان تارتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيتتى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئانچە ھېسابلاشمايتتى، لېكىن پۇل خەجلەشتە خېلىلا مەرت ئىدى. ئەخمەت سابىت ئالدى بىلەن بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، شىركەت مالىيە بۆلۈمىدىكى 23 ئادەمدىن بەشىنى قالدۇرۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەرقايسى كەسپىي بۆلۈم ۋە تىجارەت ئورۇنلىرىغا چۈشۈرۈپ ئۈچ دەرىجىلىك ھېسابات تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قاتلاممۇ-قاتلام ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بۆلۈملەردىن تارتىپ ھەرقايسى تىجارەت ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەرگىچە ئىقتىسادىي ئۈنۈم شىركەتنىڭ چوڭ مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 88-يىلى 1-ئايدىن باشلاپلا «ئىچكى بانكا» ۋە «ئىچكى پۇل چېكى» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ — ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەمىنلەش سېپىدە بۇرۇن قىلىنىپ باقمىغان ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئورۇن، ھەممە ئادەم ئىنچىكە ھېسابات قىلىپ، بىر پۇڭ پۇلنىمۇ ئورۇنسىز چىقىم قىلمايدىغان ھەمدە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مۇھىم بىلىدىغان كەيپىيات ئەۋج ئالدى. بۇرۇن ئايروپىلانغا، پويىزنىڭ يۇمشاق ئورۇندۇقىغا ئولتۇرمىسا كاماندىروپكىغا چىقمايدىغانلار ئۆزلۈكىدىنلا پويىزنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقلىرىدا، ئاپتوبۇسلاردا ئولتۇرۇپ ماڭىدىغان، ئەرزان باھالىق ئادەتتىكى مېھمانخانىلاردا ياتىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، شىركەت بويىچە باشقۇرۇشنى ھۆددىگە ئالغان بەش ئورۇن يىل

ئاخىرىدا ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنى ئېلىدى 230 پىرسەنتتىن. كېيىنكى 64 پىرسەنتكىچە ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. شىركەت بويىچە ئەمەلىي پايدا بىر مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلاندىكىدىن 2.8 ھەسسە، 87-يىلدىكىدىن 3.13 ھەسسە، 86-يىلدىكىدىن 4.82 ھەسسە ئېشىپ، شىركەت تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بىر دەرىجىدىن تۇراقسىز مائاش قوشۇپ بېرىلدى. ھەر بىر كىشىنىڭ ئايلىق مۇكاپات سوممىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئالدىنقى يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 20 يۈەندىن ئارتۇق بولدى.

ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاش كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى، رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنىڭ توپ كاپالىتى. چۈنكى مەھسۇلاتنى، سۈپەتنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر يارىتىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقى تولۇق قوزغىتىلغان كارخانىدىن ئۈمىد بار. بۇ، ئەخمەت سابىت شىركەتنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن مەسىلەلەرنىڭ بىرى.

ئەخمەت سابىت بۆلۈم-ئىشخانىلارنى ئارىلاپ يولداشلار بىلەن تونۇشۇش ۋە ئەھۋال ئۇقۇش جەريانىدا، بەزى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلماي زايا بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماي ئىچى پۇشۇپ يۈرگەنلىكىنى بايقىدى.

شىركەتتە 62-يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال كادىر بولۇپ، ئۇ كۆپ ۋاقىت تەرجىمانلىق قىلغان. كېيىن مال ساتقۇچى بولغان. كېيىن بارا-بارا مۇقىم خىزمەت بېرىلمەي، خىزمەت بىناسىنىڭ جىمجىتلىقىنى ساقلاشقا «مەسئۇل» قىلىنماقچىمۇ بولغان. ئەخمەت ئۇنىڭ ئىختىساس ئىگىسى، شىركەتكە كو لا ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، يەتتە ئادەم ئىشلەيدىغان پارچە زاپچاس سېتىش گۇرۇپپىسىغا گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ بېكىتتى. بۇنىڭغا بەزىلەر ھەيران بولۇشتى، بەزىلەر قەتئىي قوشۇلمىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشىغا ئىشەنچ قىلالمىدى. رېئاللىق پاكىت رەھىمسىز. ئۇ، 88-يىلى ئىچىدە گۇرۇپپىدىكىلەرنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاپ، ھەممە ئىشتا ئۈلگە بولۇپ، بەزىلەرنىڭ «بىر كۈن ئىشلىسە بەش كۈن دەم ئالىدۇ» دېگەن ھۆكۈمىنىڭ ئەكسىچە 88-يىلى ئىچىدە بىر كۈنمۇ ئىشتىن قالماي، ئاغرىپ قالغانلىرىمۇ خىزمەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، گۇرۇپپا بويىچە 710 مىڭ يۈەنلىك زاپچاس سېتىش پىلانىنى 400 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. ئۇلارنىڭ بۆلۈمى نازارەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، گۇرۇپپىسى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالىنىپ، رەھبەرلىك ۋە كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدەك مىسال يالغۇز مۇشۇلا ئەمەس.

شىركەتتە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى سۆيۈنىدىغان ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، شىركەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچى بارا-بارا ئاشتى. شۇڭا بۇرۇن بۇ يەردىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەنلەردىن يېقىندىن بۇيان قايتىپ كېلىشنى، ئالماشقاچى بولۇپ ئىلتىماس سۇنغانلاردىن ئىلتىماسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار، قېرىنداش ئورۇنلاردىن بۇ شىركەتكە ئالمىشىپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلىدىغانلار كۆپەيدى. مانا بۇ، كىشىلەرنىڭ مايىللىقى ۋە قايىللىقى.

# بەيگە داۋام قىلىدۇ

ئەخمەت سابىت بەيگە تۇلپارىغا مىنىپ، سانسىز چەۋەندازلار قاتارىدا رىقابەت دولقۇنلىرىنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

ئەخمەت سابىت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەمىنلەش شىركىتىگە جىڭلى بولۇپ كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە، 20 نەچچە يىلدىن بېرى يىغىلغان جىڭلىلارنى كۆرگەن. كۆپ قېتىم كونا جىڭلىلارنى ئۈزۈپ، يېڭى جىڭلىلارنى كۈتۈۋالغان، بەزى ئىشچى-خىزمەتچىلەر شىركەتنىڭ قىياپىتىدە تۈپ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىغا ئۈمىدسىز قارىغانىدى. ئەخمەت سابىت شىركەتكە كېلىپ بىرەر ئاي بولا-بولمايلا تۆت يىللىق مۇددەتكە باشقۇرۇشنى ھۆددىگە ئالغاندا، تۇختامدىكى ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرگە قاراپ: «ھەي بۇ ئادەم بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟» دەپ ئەنسىرەشكەن كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ئەخمەت سابىت كېلىپلا يېڭى-يېڭى ئۆزگىرىشلەر بىر-بىرلەپ مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى:

كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، ھەر قايسى كەسپىي بۆلۈم، ئىشخانا، تىجارەت ئورۇنلىرىغا ئىسلاھات روھىغا ئىگە، ئىقتىدارلىق كادىرلار تەكلىپ قىلىنىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان بىر قىسىم كادىرلار شاللىۋېتىلدى.

ئورگاندىكى بۆلۈم-ئىشخانىلار ئىخچاملىنىپ كادىرلار قىسقارتىلىپ ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈرۈلۈپ، ئاساسىي قاتلاملار كۈچەيتىلدى.

كۆپ يىللاردىن بېرى قۇرۇلماي كەلگەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلۇشى ۋە كارخانىنى باشقۇرۇش كومىتېتلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدىكى خوجايىنلىق ئورنى، دېموكراتىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ھەر خىل قائىدە-تۈزۈملەر مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

بىكار قىلىنغان ئىشخانىلار تىجارەت قىلىنمىغان ماگىزىنلارغا ئۆزگەرتىلىپ، سىرتقى ئورۇنلار بىلەن بىرلەشمە تىجارەت يولغا قويۇلۇپ، شىركەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش كۈتۈپ ياتقان پەرزەنتلىرى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

يەسلى، ئاشخانىلار قايتا تەرتىپكە سېلىنىپ، رېمونت قىلىنىپ ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى. ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى باشلاندى.

بىلىم ئېلىشقا تەشنا ياشلار ھەر خىل بىلىم ئورۇنلىرىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ماڭدى. ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان زىيالىي ياشلاردىن 20 نەچچىسىنىڭ شتاتى ھەل قىلىنىپ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى.

ئەڭ مۇھىمى كۆپ يىللاردىن بېرى ئىتتىپاقلىشالماي كەلگەن رەھبەرلىك بەنزىسى ئىتتىپاقلىشىپ، بىر مەقسەت، بىر نىيەتكە كېلىپ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش يولىدا تەكشى قەدەم تاشلايدىغان بولدى...

ئۈمىدسىزلەنگەنلەر، ئەنسىرىگەنلەر كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان بۇ پاكىتلارنى كۆرۈپ، كەم ئەقىللىق قىلىپ بىر تەرەپلىمە ئويلىغانلىقلىرىغا خىجىل بولۇشقا باشلىدى.

دىيىدەبىلىك تەسۋىرى سۆزلەر كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ. رېئال پاكىتلار، سان-سىپىرلار كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ. 1988-يىللىق ئاساسىي ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مۇنۇ ئاخبارات كىشىلەرنى تېخىمۇ قايىل قىلىدۇ:

# پۇقرانىڭ قىنى

(ھېكايە)

توختى ئايۇپ

I

قوبۇلغاندا، تاجىدار بىلەن ئاقساقال ـ ئىككى بوۋاي بىر ـ بىرىگە يانمۇ ـ يان قويۇلغان، يالغۇز كىشىلىك يۇمشاق كىرىسلوغا چوڭككىنىچە سۈكۈتلۈك خىيالغا پاتقان ھالدا ئولتۇراتتى.

ئاقساقال كەيپسىز ـ ناخۇش، ئۇنىڭ قاتاڭغۇر، ۋىجىك ئورۇق گەۋدىسى چىدىغۇسىز ئىچكى تەشۋىش، قايغۇ، غەمدىن ئېزىلىپ، كىرىسلودا بارا ـ بارا يىغىلىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، ئۆزىگە ئوخشاشلا قېرىپ قالغان، ئەمما بىر يەرنىڭ ھوقۇق تىزگىنىنى ھېلىمۇ قولىدا چىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتقان بۇ سەلتەنەت ئىگىسىدىن ئىلتىپات كۈتۈپ، خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرماقتا. ئۇ، سەۋىرسىزلىك بىلەن ئىششىپ ساڭگىلىغان قاپاقلىرى ئارىسىدىكى نۇرسىز ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى قولياغلىقى بىلەن پات ـ پات سۈرتۈپ قوياتتى. بۇ چاغدا تېرىسىگە چېكىم ـ چېكىم قارامتۇل داغ چۈشكەن، تاماكا ئىسىدىن سارغايغان، جىگدە يىلتىزىدەك ئەگرى ـ بۈگرى، بارماقلىرى كۆچىسىز تىترەيتتى. ئۆمچىيىپ يىغلاۋاتقاندەك يېرىم ئېچىلغان ئېغىزىدىن سارغايغان، ئۆزۈپراپ، قاقشال يىلتىزىدەك چىرىقچىيىپ قالغان، تىلى بىلەن تەڭ لىكىلداپ تۇرىدىغان يېرىم ـ ياتە چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى.

تاجىدار، ئىككى كۈن ئىچىدىلا باشقىچە قېرىلىق يېتىپ ۋۇجۇدىدىكى تىرىكلىك نۇرى، يېڭى تۈگىگەن جىن چىراغدەك پىلىدىرلاپ قالغان بۇ قەدىناس بۇرادىرىگە بۆلەكچىلا ئېچىنىدى. ئىككى بوۋاي بىر ـ بىرى بىلەن بۇرۇندىنلا تونۇش، ئۇلارنىڭ دوست ـ ئاغىنىدارچىلىقى يەر ئىسلاھاتى يىلى

〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰

1. سېتىۋېلىنغان تاۋارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى يىللىق پىلانىدىكىدىن 82.5 پىرسەنت ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 97.5 پىرسەنت ئاشتى.

2. تاۋارلارنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى پىلاندىكىدىن 70 پىرسەنت ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 65.6 پىرسەنت ئاشتى.

3. خىراجەت سەۋىيىسى 4.96 پىرسەنت بولۇپ، بۇلتۇرقىدىن 0.4 پىرسەنت تۆۋەنلىدى.

4. ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان پايدا بىر مىليون 900 مىڭ يۈەن (يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىش ھەققى چىقىرىۋېتىلمىدى) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر مىليون 440 مىڭ يۈەن ئاشتى.

رىقابەت دولقۇنلىرى رەھىمسىز كېلىدۇ، لېكىن قىممەت قانۇنى ئادىل بولىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، رىقابەت دولقۇنلىرىدا دەسلەپكى قەدەمدىلا كىشىلەر قەلبىنى قايىل قىلارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇ ھېلىمۇ بەيگىدە. ئۇنى تېخىمۇ مۇشكۈل داۋانلار ئارقىسىدىكى پارلاق مەنزىل كۈتمەكتە.

لىرىدىلا باشلانغان، پارتىيىگە بىر كۈندە ئۆتكەن. ئاددىي كادىرلىقتىن ئىبارەت باشنوقتىدىن رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئېگىز پەللىسىگە يامىرىگە كۆتۈرۈلۈشىمۇ خۇددىي قۇرامىغا يەتكەن ئۈچقۇرتۇلپاردەك تەڭلاچىپىپ ماڭغان... شۇنداق قىلىپ تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى. رەھبەر بولغانىنىڭ ئەمەلتۇتقانىنىڭ دەرد-ئەلەمىنى بىر چاغلاردا بولۇشچە تارتىپ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ راھەت-مەنپەئەتىنى كۆرىدىغان چاغدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەڭلا قېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى، بولۇپمۇ ئاقساقال سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، ئورنىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، بۇرۇنلىراق دەم ئېلىشقا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما تاجىدار ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ياش كىچىك، سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئىدى. شۇڭا ئەمەل-مەنسەپ تاجىسىمۇ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇۋاتاتتى. لېكىن، ئاقساقال دەم ئېلىشقا چىققان كۈنىدىن باشلاپ، ئۇنى تولىمۇ قورقۇنچلۇق، مۇدھىش بىر سوئال قىينايدىغان بولۇپ قالدى: بۇ تاجىنى يەنە نەچچە يىل كىيىشكە نېسىپ بولار؟ كىم بىلىدۇ، ئەگەر كېسەل بولۇپ يىقىلمىدۇ ياكى يۇقىرىدىن ياشراق، ئۇنىڭدىنمۇ قابىل بىرسى كېلىپ ئورنىغا ئولتۇرامدۇ؟ تاجىدارغا ئەمدى شۇ نەرسە ئايان: تاج ئۇنىڭغا ئۇزۇن نېسىپ بولمايدۇ. ئۇمۇ پات ئارىدا ئاقساقالغا ئوخشاش ھاسىسىنى تۇتامالاپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھوقۇقىنىڭ بارىدا قىلىشقا تېگىشلىكىنى قىلغۇلۇق. ئۇ قولىدىن كەتكەندە پۇشايماندىن نېمە پايدا؟ ئېھتىمال، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئاقساقال بىلەن يەنە بىللە بولار، بىللە ئاپتاپقا قاقلىنار... بىللە مۇگدەر... شۇنداق ئىكەن، ئاقساقالنىڭ دەردىگە يەتمىگىلى بولامدۇ؟

— ئېيتىپ قويۇپتۇ-دەك، ئاپلا... ئوغلىڭىز شۇنداقمۇ قىلغانمىدۇ-ھە؟ ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ جۇمۇ. ۋاي-ۋاي، بېشىم ئايلىنىپلا كەتتى، بۇ ئىشنى باشتىن يەنە بىر سۆزلەپ بەرسىڭىز، — تاجىدار ئېغىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھارغىن كۆزلىرىنى ئاقساقالغا تىكتى.

— ھەي... ئويلىمىغانلا بىر پېشكەللىك...، — ئاقساقال كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، كىرپىكلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ قويدى، — بۇ تېخى مۇشۇ يەكشەنبە كۈنى بولغان ئىش. ئوغلۇم ئەتىگىنى ھېلىقى سىز تەقدىم قىلغان ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ، دەريا بويىدىكى ئورمانلىقتا ئوۋ ئوۋلاشقا بارغان ئىكەن، قىرغاۋۇلدىن بىرەرنى ئاتار-ئاتمايلا، نەدىن پەيدا بولغان ھېلىقى ئۆلتۈرگىنى ساتقۇر، كېلىپلا ئوغلۇمنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى ئېسىلىۋېپتۇ. شۇنداق قىلىپ...

— توختاڭا، — تاجىدار قولىنى كۆتۈردى، — ئۇنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ، ئورمانلىقتا يۈز بەرگەن ۋەقە بولغاچقا، ئورمانچى بولمىسۇن يەنە! شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئوغلىڭىز يوللۇق قوغدالغان بولىدۇ-دە.

— سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈم. ئورمان مۇھاپىزەتچىسىكەن.

— ئورمان مۇھاپىزەتچىسى بولسىمۇ، ئوغلىڭىزنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى ئېسىلىشقا نېمە ھەددى بار ئىكەن؟ — دېدى تاجىدار خاپا بولۇپ، — بىرەر قىرغاۋۇلنى ئاتقانغا نېمە بولىدىكەن، ياكى ئۇ تۆكەپ قالامدىكەن؟

ئاقساقال ئۇنىڭ بۇ مېھرىبانلىك ئاچچىقىدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئەمما ئۇ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلدىڭ، دېگەن دەستەكنى كۆتۈرۈۋالغانمىش.

— قايسى قانۇنغا؟

— ئورمان قانۇنى بىلەن مۇھىت ئاسراش قانۇنىغا.

— ھەم ...! ئۇرمان قانۇنى، مۇھىت ئاسراش قانۇنى ... نېمىدېگەن تولا قانۇنلار
بۇ؟ — تاجىدار غەزەپلەنگەنلىكىدىن كىرىشلىۋېدى، چاچراپ قوپۇپ، ئاقساقالنىڭ ئالدىدا
ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى، — يېزىدىكىلەردىكى ئەگەر پىلىنى ئېيتسام، مۇشۇ كۈندە،
مۇشۇنداق چاچتىن تولا قانۇنلار بىلەن زادىلا خوشۇم قالمىدى، ئېيتىپ بېقىڭلا،
مۇشۇنداق قانۇنلار يوقىرىدىن چۈشۈپ ئاز قۇچقۇندىمەك يېغىپ كېلىۋەرسە، ئۇنىڭ
قايسىنى بىرىنى تۇتقۇپ، تېرىگە تەككىلى، ئۆستە ساقلىغىلى، ئىجرا قىلىپ ئۆلگۈرگىلى بولىدۇ
دەيسىز؟ بىزا ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغىلى ئۇزۇن يىل بولدى، بۇرۇن مۇنداق قانۇنلار بولماي
تۇرۇۋېرىپمۇ، ھاكىمىيەتنى كۈچلۈك قىلىپ باشقۇرۇپ كەلگەنمۇ بىز؟ - تاجىدار ھەسرەتلەنگەن
قىياپەتتە ئۆزىنى كىرىشلىغا تاشلىدى. — خوش، شۇنداق قىلامسىز؟
— شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى مىلتىقنى تالىشىپ تالاشتى، تەپكە ئۆزلۈكىدىن رېتىملىق
كېتىپ ئۆزى قانداق «گوم!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ھېلىقى ئۆلۈكنى ساتقۇر...
— ياربدار بولدىمۇ؟
— ياق، جايىدىلا ئۆلۈپتۇ... — ئاقساقال ئىچ - ئىچىدىن قىيىنىپ، سىلكىنىپ، ھىچىلداپ
يىغلاشقا باشلىدى. — قېرىغان چېغىمدا... قارىماسىز ماڭىدا كەلگەن بۇ پېشكەللىكنى،
ئوغلۇم بۇ يىل ئاشۇ كە ئىشتىن بېرىلىدى، كىيىم - كېچەكلى، يوتقان - كۆرپىسىدىن تارتىپ
تەق قىلىپ قويغان. چاقىرىق قەغىزىگىلا قاراپ قېلىۋېدۇق - دەڭلا. دەۋاگەرنىڭ تەلەپ
قاتتىقمىش، خۇنغا خۇن تۆلىتىۋالىمىز، دەپ چۇقىرىشىپ تۇرۇۋاتقانىمىش، ئەمدى ئوغلۇم-
نىڭ تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتەر؟ بىر نەرسە دەڭلا، ئۇنى ئامال قىلىپ بۇ پېشكەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولامسۇ - ھە؟ مۇبادا... ئۇ كۆز ئالدىمدىلا جازالىنىپ كېتىدىغان
بولسا، مەنمۇ ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۈگەشكىنىم ياخشى!
تاجىدار ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىدىن زېرىككەندەك، پەرۋاسىزلىق بىلەن يېنىدىكى
ئېلېكتر كونۇپكىسىنى باستى. شۇ ھامان يانداكى ئىشىك ئېچىلىپ، ياش، گۈزەل خىزمەتچى
قىز، پىرىتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئەدەپ بىلەن كىرىپ كەلدى - دە، قولىدىكى ئالتۇندىن
ھەل بېرىلگەن پەتنۇستىن ئىككى جام قەھۋەنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى چاي شىرەسىگە
قويۇپ، خۇددى بۇرۇنقىدەك شەپىسىز دەسسەپ چىقىپ كەتتى. بىرلىيالتە جام ئىچىدىكى
ھورى چىقىپ تۇرغان قىزىق قەھۋە خۇددى ئوق تېشىپ ئۆتكەن يارا ئېغىزىدىن
ھازىرلا ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قاندەك جۇلالىنىپ كىرپىكى ئۇستىدىكى
ياشتەك لىغىرلاپ تۇراتتى.
تاجىدار كىچىك قوشۇق بىلەن ئىككى جام قەھۋەنى ئالدىرىماي قوچۇپ ئارىلاشتۇ-
رۇپ، بىرسىنى ئاقساقالنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى:
— قېنى، قىزىقىدا ئىچىڭ، قەھۋەنىڭ نېرۋاڭىزنى تىنچلاندۇرۇپ يۈرەكتىكى جىددىيلىكنى
پەسەيتىشكە ياردىمى بولىدۇ. — ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە تەمكىن. پەس،
ئەمما خاتىرجەم بىر ھېسسىياتتا چىقىۋاتاتتى. ئۇ ئالدىدىكى قەھۋەنى ئىككى ئوتلام: سۈمۈرگەن-
دىن كېيىن ئاغزىنى بىر پەس تامشىپ، بىر خىل كۆيۈنگۈچى، خۇشخۇي ئەپيىدا داۋام قىلدى. —
يىغلىماڭ. بۇنچىلىك كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىش سىز بىلەن بىزگە يات
چۈمۈك. بىر - بىرىمىزنى ياش چېغىمىزدىن تارتىپ ئوبدان بىلىشىمىز. ئىنقىلابنىڭ نەچچە

ئون يىللىق شىددەتلىك بوران-چاپقۇنلاردىمۇ كۆزىڭىزدىن مىت قىلىپ ياش چىقارمىغان. ئەمدىلىكتە ھاياتىڭىز خەلق ۋە پارتىيە ئۈچۈن تېخىمۇ قىممەتلىك بولۇپ قېلىۋاتقان بىر چاغدا ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— چىدالمىدىم، بالىنىڭ كىچىككى نەمەسمۇ؟ — ئاقساقال قولياغلىقى بىلەن دەسلەپتە يېشىنى، ئاندىن بۇرنىنى سۈرتتى.

— سىز ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كۆردىڭىزمۇ؟

— سۈرۈشتۈردۇم، ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئورمانلىق يېنىدىكى بىر يېزىنىڭ دېھقانلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ يەنە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ھازىر يېزىدا دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان يەنە بىر چوڭ ئوغلىمۇ بار ئىكەن. ئۇ، ۋەقە يۈز بېرىشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى سۇ ئامبىرىغا ھاشارغا كەتكەن ئىكەن.

— دېمەك، دەۋاگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاددىي پۇقرالار دەڭا.

— شۇنداق. ھەممىسى پۇقرالار.

تاجىدار كىرىسلودىن ئىرغىپ تۇرۇپ، جامدىكى قەھۋەنىڭ ھەممىسىنى ئىشتىھا بىلەن غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى-دە، گەۋدىسىنى غالىبلارچە كېرىپ، بېشىنى مەمنۇنلۇق بىلەن سىلكىپ قويدى:

— پۇقرالار دەڭ... ئۇنداق بولسا مەسىلە كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولىدۇ قېرىندىشىم. ئۆزىڭىزگە قاراڭا، ئىككى كۈندىن بېرى خۇددى ئون يىل كېسەل تارتقاندەك تۈگىشىپ كەتكىنىڭىزنى. پېشقەدەم رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، بۇ بايلىق ئاسرالمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئېيتايلۇق، سىزنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك جان تىكىپ، سەممىي-ساداقەت بىلەن ئىشلەپ ياراتقان تۆھپىلىرىڭىزنىڭ يۈز-خاتىرىسى مۇشۇنچىلىك غەم-ئەندىشىلىرىڭىزگە دال بولالمىسا، بۇ تارىخىي تۆھپىنىڭ قەدىر-قىممىتى نەدە قالىدۇ؟ — ئۇ ئاز ۋاقىت ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇپ دېدى، — مېنىڭچە مۇنداق قىلايلى، سىز يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ساناتورىيىسىگە بېرىپ، بىر-ئىككى ئاي دەم ئېلىپ داۋالىنىپ كېلىڭ، ئوغلىڭىزمۇ خاتىرىسىنى جەم قىلىپ، ئالىي مەكتەپكە چاقىرىق كەلگەن ھامان مېڭىۋەرسۇن. ئېيتماقچى... ئوغلىڭىزنىڭ كەيپى قانداقراق؟ تامىقى تارتىلىپ كەتتى دەڭ. ۋاي بىچارىيەي... ئورۇقلاپ كەتكەنىدۇ ئۇ؟ ئۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ؟ ياشلار جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى، سىز بىلەن بىزنىڭ ھاياتلىق يىلتىزىمىز. راستىنى ئېيتسام ئوغلىڭىز قالتىس يىگىت بوپتىكەن جۇمۇ، خۇددى سىزنىڭ ياش ۋاقتىڭىزدىكىدەك. ئۇ تېخى ئۆتكەن ھەپتىدىلا ئالدىمغا كېلىپ، بىر ئەدەبلىك سالام بېرىۋىدى...

ئاقساقال ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تاغدەك سۆيۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئېھتىماللىقى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر مۇدھىش خەۋپ، يۈرىكىنى زەھەرلىك يىلاندەك چىرماپ تۇراتتى.

— بۇغۇ بەك بالەن گەپ بولدى...، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — بىراق، ئوغلۇمنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىق مەسىلىسى...

تاجىدار كۆرەڭلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بۇنداق ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا خېلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانمەن، مەن بۇنى قانداقتۇر قانۇنىي ۋاسىتە بىلەن ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك بولغان باشقىچە تەدبىر، ئاقىلانە يول بىلەن ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالايمەن.

ئاقساقال ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى خاراكتېرى ناھايىتى ئېغىر بولغان بۇ قانلىق ۋەقەنىڭ تاجىدار دەۋاتقاندەك ئىنچىكىلا ئاسان، ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇپ كېتىشىگە كۆزى يەتمەي، كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— بىر ئىش ماڭا ئايدىڭلاشمايۋاتىدۇ، دەۋاگەرلەر ئۆلگۈچىنىڭ خۇنىدىن كەچمەي تۇرۇۋالسىچۇ؟ — دېدى ئۇ ئەندىشە، تەشۋىش ئىچىدە، ئەمما تاجىدار بۇرۇنقىدەكلا پەرۋاسىز، خاتىرجەم كەيپىياتتا ئولتۇراتتى.

— ياق، كېچىدۇ. بەلكى ئۇلار جەسەتنىڭ قان داغلىرىنى ئۆز تىللىرى بىلەن يالاپ، ئىزناسىنى يەر-يۈزىدە قويمايدىغان بولىدۇ.

— ئاھ، خۇدا...! — ئاقساقال ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي ۋارقىراپ كەتتى، — سىز شۇنچە ئاقىل، شۇنچە كۈچلۈك دەپ تەرىپلەۋاتقان قايسى كارامەتلىك مۆجىزىدۇ ئۇ؟!

تاجىدار كېرىلىپ قويدى. ئۇ شۇ تاپتا ئاقساقالدىن ئىبارەت بىرلا ئادەمگە ئەمەس، سەھنىدە تۇرۇپ تىڭشاۋاتقان نەچچە مىڭ ئادەمگە نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندەك تەنتەنە بىلەن بۇ مۆجىزىنىڭ سىرىنى چۈشەندۈردى:

— بۇنى قايسى كارامەتلىك مۆجىزە دەمسىز؟ پۇل... مەنسەپ... قېرىنداشىم! مۇشۇ كۈنلەردە بۇ ئىككى مۆجىزىنى قايسى بىر پۇقرا، ئوچۇقراق ئېيتقاندا قايسى بىر دېھقان ئۈمىد قىلمايدۇ دەيسىز؟ دەۋاگەرلەرگە پۇل بېرىمىز، نوپۇسىنى شەھەرگە يۆتكىۋېتىمىز. ئۆلگەن يىگىتنىڭ ئورنىغا ئائىلىسىدىكى ئۈچ جاننىڭ ھەممىسىنى ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە ئىشچىلىققا تونۇشتۇرۇپ قويىمىز. ئېيتىپ بېقىڭا، ئۇلار بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك پۇلغا ئېرىشكەن، يېزىنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلغان چاغدا قانداقتۇر خۇن دەۋاسى توغرۇلۇق ئويلىنىشقا ۋاقتى يېتەرمۇ؟

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا! — ئاقساقال خۇشاللىقىدىن يەنە ۋارقىرىۋەتتى، — مەن نېمىشقا ئويلىمىغاندىمەن بۇ چارىنى!

— توختاڭ، يەنە بار. ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ تېخى! دەۋاگەرلەرنىڭ ئېغىزى ئېتىلگىنى بىلەن، باشقىلارنىڭ، مەسىلەن: قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئېغىزىنى بېسىقىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ ئۇلارنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئايىماي دۇمبالاشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بىر كالتەك كېرەك. كۆزىڭىزنى پارقىراتماڭ، بۇ كالتەك باشقا نەرسە ئەمەس، ئاشۇ يېزىنىڭ پارتكوم شۇجىسى، ھە... ئېسىمگە كەلدى، ئۇ تېخى بىر ئايىنىڭ ئالدىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشەنگەنىدىم. بىز ئەمدى شۇنى ئىشقا سالىمىز.

— بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا نېمە ئىنئام قىلىمىز، پۇلمۇ؟

— ياق، ئۇنىڭ ھازىر ئىنتىلىدىغىنى پۇل ئەمەس، مەنسەپ! قېنى قاراپ باقسەن، بۇ ئىشتا خىزمەت كۆرسەتمىدىغانلا بولسا، ھازىرقى كادىرلارنى تەكشۈرۈش ئۆرۈستىدىن

پايدىلىنىپ ئەمەلىنى ئۆستۈرىمەن. خوش، قېنى... قەھۋەنى قىزىقىدا ئىچىۋېتەمسىز قېرىندىشىم، سوۋۇپ قالغان قەھۋە لاي سۇغا ئوخشايدۇ. لاي سۇ ئىچكەن ئادەم جىگەرسىز، رائىش، قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ!

— ئاقساقالنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى ئادەم قېنى ئىدى. ھالبۇكى، ئالدىدىكى بىر جام قەھۋە خۇددى ئوغلى ئېتىپ تاشلىغان ھېلىقى نورمان مۇھاپىزەتچىسىنىڭ كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان قاندەك قىپقىزىل يالتىراپ، ھەر بىر قارىسىلا يۈرىكىگە ئۆلۈم ۋەھىمىسى سېلىپ، كۆڭلىنى ئايىنىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئەمدى تاجىدارنىڭ يۈتىرىدىكى ئاجايىپ مۆجىزىلىك چارە - تۇسۇلىدىن خۇشال بولۇپ، ئەقلى - ھوشىنى يوقاتقاندەك بولدى - دە، ئالدىدىكى قەھۋەنى بىرلا كۆتۈرۈپ غۇرتىلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

## 2

تۆت كۈندىن بېرى قايغۇلۇق ماتەم ساداسى، دىلنى ئەزگۈچى ھەسرەتلىك يىغا-زار ئاڭلىنىپ تۇرغان بۇ ھويلىنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندىن بۇيانقى گۆرىستاندەك تىمتاسلىقىدىن قولۇم - قوشنىلار، پەتىلەش ئۈچۈن يىراق - يېقىندىن كېلىشكەن جامائەت ھەيران...

كۈناھسىز ئېتىلىپ كەتكەن ئوغلىنىڭ دەردىدە يىغلاپ - يىغلاپ ئاخىرى ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ قېلىشقانىمىدۇ يا شۇ بىچارىلەر...؟ راست، مېيىتىنى ئۇزاتقان كۈنى ئەر - خوتۇن ئىككى ھازىدار بىچارە تاۋۇتقا ئېسىلىپ، قان-قان يىغلاپ، نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىشكەن. كىشىلەر ئۇلارنى يۆلىشىپ، بىرلىرى ئۇستىباشلىرىدىكى توپىلارنى قېقىشقان، بىرلىرى يۈزلىرىگە سوغۇق سۇ سېپىپ ھوشىغا كەلتۈرۈشكەن ئەمەسمىدى.

بىچارە ئاتا... ئۇ، ئوغلىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ، ئاۋازىمۇ پۈتۈپ كەتكەن، «جانىغا جان ئالىمەن، قانىغا قان...!» دەپ ۋارقىراپ قولىغا پالتىنى ئېلىپ نەچچە قېتىم سىرتقا يۈگۈرگەن چاغدا، جامائەت تەسەللى بېرىپ تارتىۋېلىشقان. ئۇ ئاخىرى قەھرى - غەزىپىنى، دەرد - ئەلەمىنى ئۆزىدىن ئېلىپ، ئۆزىنى تاۋۇتقا ئۇرۇپ، پېشانىسىنى يېرىۋالغان، ساقاللىرىنىمۇ يۇلۇپ تۈگەتكەن...

مۇسىبەتلىك ئانىنىڭ قان - ياشلىق نالىسى، ئەلەملىك ھازىسى ئېرىنىڭكىدىنمۇ ئېغىر بولغانىدى: ئۆمرىدە بىرەر كەلىمە ناخشىنىمۇ ئىڭشىپ ئېيتىپ كۆرمىگەن يۇۋاش، تارتىنچاق، نومۇسچان ئايال دەپنە كۈنى ئوغلىنى ئۈنلۈك قوشاقتا قوشۇپ، ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ، ھازا ناخشىسى ئېيتقانىدى. ئۇ يىغلايتتى ھەم ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ماتەم ناخشىسىنىڭ ئېزگۈ مۇڭلىرىدىن دەريا - دەريا مۇسىبەت ياشلىرى ئاقاتتى. ناخشا يۈزلىگەن يۈرەكلەرنى ئەزدى، كىشىلەر ئۇنىڭ دەردلىك، مۇڭلۇق قوشىقىغا ئەگىشىپ يىغلاشتى...

ئەجەب ئىش، قېنىدۇ بۈگۈن ئۇ ھازىدارلار؟ نېمىشقا يەنە ئاڭلانمايدىغاندۇ ئۇ ماتەملىك ناخشا؟ راست، ئۇلار ئۆي ئىچىدە مۇسىبەت دەردىدە ھالسىزلىنىپ يىقىلىپ قالغان بولسا ئەجەب ئەمەس. مانا بۈگۈن جامائەت نەچچە كۈندىكىدىنمۇ كۆپ يىغىلىپتۇ. ئىككى ھازىدارغا ھەممە دەردلىك كۆرسىتىش كېرەك. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا!

جامائەت دەرۋازىنى ئىتتىرىشتى ۋە بىر-بىرىگە تەئەججۇپ بىلەن قاراپ قېلىشتى. دەرۋازا ئىچىدىن زەنجىرلەنگەن، چىڭ تاقالغانىدى، جامائەت ئاخىرى دەرۋازىنى مۇشت-لاشقا، هازىدارلارنى چاقىرىشقا باشلىدى. لېكىن شۇ چاغدا، كۈتۈلمىگەندە ئىچكىرىدىن ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ خۇشال پاراڭلىشىشلىرى، پەقەت ۋىسالىغا يەتكەن ياكى ئۇش-تۇمتۇت بەخت-ئامەتكە ئېرىشكەن كىشىلەردىنلا ئاڭلاشقا بولىدىغان شادىيانە كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. قوشنىلار شۇ چاغدىلا كېچىدىكى بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ، هەيرانۇ-هەسلىكتىن ياقىسىنى تۇتۇپ ئارقىسىغا داجىشۋاتقان جامائەتكە ئاخشام يېرىم كېچىدە بۇلارنىڭ ئۆيىگە قايىتىندۇر، ئىككى كىچىك ماشىنىدا ئادەملەر كېلىپ، تاڭ سەھەرگە يېقىن كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشتى.

— قالتىس هەممەتلىك كىشىلەر ئىكەنغۇ ئىۇلار؟ — جامائەت هەيران بولۇپ، بىر-بىرىگە مەنىلىك كۆز قىسىشتى، — پۈتۈن يۇرت ئەهلى تۆت كۈندىن بېرى تەسەللى ئېيتىپ توختىتالمىغان كۆز ياشنى ئۇلار بىر كېچىدىلا كېلىپ توختىتىۋەتكەن، مۇسىبەتلىك يىغا ئاۋازىنى بەخت كۈلكىسىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولسا... دېمەك بۇ، بىز ئويلاپ يېتەلمىگەن قالتىس مۆجىزە ئىكەن. جامائەت! بۇ مۆجىزە ئالدىدا بىز كىم بولۇپ قالدۇق ئەمدى؟ ئۆزىمىزنى پەس قىلمايلى، جۇرۇڭلار كېتەيلى!

راست. ئۆي ئىچىدە باشقىچە بىر مۆجىزىلىك هال: ياپيېشىل نۇر بىلەن چاقناپ، چاندىقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئىككى جۈپ كۆز ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە بىگىزدەك قادالغىنىچە قېتىپ قېلىشقان. كىرپىكلەردە تارام-تارام ياش. ئەمما ئۇ مۇسىبەت يېشىدەك سۈزۈك، ئىسسىق ئەمەس، ئۇ، ئەۋرەز سۈيىدەك سوغۇق، پاسكىنا، دۇغلانغان...

— ئاه، هېچ ئىشەنگىم كەلمەيدۇ دادىسى، راستىنلا ئون ئۈچ مىڭ يۈەن پۇلمىدۇ بۇ؟

— ئەخمەق خوتۇن، باشلىق دېگەن يالغان ئېيتامدۇ؟ قارىمامسەن، ماڭا، تاتازا... تاتازا ...

— شۇنداق بولسىمۇ ساناپ باقساققۇ...

— ئەمسە ئىشىك-دەرۋازىنى چىڭ ئەت، تېز بول!

ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن شىرە ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىشىپ، ئالدىدىكى دەستە-دەستە پېچەتلىك پۇللارنى، خۇددى ئۇ هازىرلا چاڭگىلىدىن ئۇچۇپ يوقاپ كېتىدىغاندەك، مەيدىسى بىلەن چىڭ بېسىۋېلىشقان.

— مەيدەڭنى كۆتۈر دەيمەن، خوتۇن كىشىنىڭ نەپسى تەگكەن پۇلنىڭ بەركىتى بولمايدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، ئەمسە سىلى سانىسىلا، مەن قاراپ تۇراي، هېچ بولمىسا كۆزۈمىز بولسا تويۇپ تۇرسۇن بۇ پۇلغا.

ئاتا ئەمدى ئۆزىنىڭ هازىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان، ئۇ شىرە ئالدىدا ئازادە، راهەتلىك ئولتۇرۇشى ئۈچۈن، بېلىدىكى ئاق بەلباغنى يېشىپ تاشلاپ، پەگاغا چۆرىدى. مەيدىسىنى ئېچىۋېتىپ، يەڭلىرىنى جەينىكىگىچە تۈردى-دە، پۇللارنى بىر چەتتىن ساناشقا

باشلىدى. ئۇ گويا بۇ پۇللارنى بىرسىنىڭكىدىن ئوغرىلاپ، بۇلاپ كەلگەندەك، يۈرىكى ئەنسىزلىك ۋەھىمە، تەشۋىش ئىسكەنجىدە دۈپۈلدەيتتى، قوللىرى تىترەيتتى.

«... يۈز ... بەش يۈز ... مىڭ ... ئىككى مىڭ ...»

بارمىقى تىنىمسىز ھۆلدەۋېرىشتىن پاقا قورسىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىدى. ئاغزىمۇ قۇرۇپ كەتتى. ئەمما پۇل تۈگىمىدى. پۇل شاراقشىيتتى، تاراقشىيتتى، بۇئاۋاز خۇددى قان ئىچىۋاتقان لالما ئىت تىلىنىڭ شالاپشىشلىرىدەك ئىشتىھالىق ۋە رىتىملىق ئىدى. نىھايەت، ئالدىقاچان ماغدۇرى قۇرىغان قولىنىڭ بۇ پۇللارنى ساناپ تۈگىتىشكە قۇدرىتى يەتمىدى، ئاتا ئاخىرى پۇللارنى توپى بىلەنلا سانىشقا باشلىدى.

— بىرسىنىتمۇ كەم ئەمەسكەن خوتۇن، دېگىنىڭمۇ مەن. باشلىق دېگەن يالغان ئېيتمايدۇ دەپ.

— بۇ خەتچۇ دادىسى؟ — دېدى ئانا پۇلنىڭ ئاستىدىكى قىزىل تامغىلىق بىر ۋاراق قەغەزنى ئېرىگە كۆرسىتىپ.

— بۇ، ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ ئۈچىمىزنى ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشى.

— ئاھ، خۇدا! ئەمدى ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىپتۇق! — ئانا ئۆمرىدە ھېچقاچان ھېس قىلىمىغان چەكسىز بەخت ھوزۇرى ئىچىدە يىغلىۋەتتى، — شۇغىنىسى... شۇ رەھمەتلىك ئوغلۇم قازايى - قەدەرگە ئۇچرىمىغان بولسا...

— ئاغزىڭنى يۇم! — ئاتا مۇشتۇمىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى، — بۇ ئامەت بىزگە نەدىن كەلگەن؟ ئەۋەتتە ئوغلۇڭنىڭ ئۆلۈمىدىن - دە! ئۆلدى — كەتتى. ئۇنىڭغا ئارتۇقچە ئۆكۈنگۈلۈك ئەمەس. نېمە ئىلاج؟ ئوغلىمىزنىڭ تەقدىر - پىشانىسى شۇنداقتۇر. بىرسى ئوقتا ئۆلىدۇ، بىرسى سۇدا. باشلىق بىلەن بىللە كەلگەن ھېلىقى ئىمام ئېيتتىغۇ، ئاللانىڭ ھۆكمىگە پۈتكۈلۈك. ئېسىڭدە بولسۇن، بۈگۈندىن كېيىن ئەرز - پەرز دېگەن گەپنى ئېغىزىمىزغا ئالمايلى، دەرۋەقە، باشلىقنىڭ بالىسىنى قاتىل دەپ جازالاپ بەرگەنگە ئوغلىمىز تىرىلىپ قالاتتىمۇ، يۇقىرىنىڭ مۇشۇنچىلىك ھىممىتىگە شۈكرى دەيلى.

— راست، ھېچنېمە بەرمىسىمۇ نېمە دېگۈلۈك؟ — دېدى ئانا يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ.

بىر چاغدا دەرۋازىنى يەنە كىمدۇر بىرسىنىڭ گۇمبۇرلىتىپ ئۇرغان، جالاقشىپ تەپكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىككىيلەن شۇئان بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە تەشۋىش، ھودۇقۇش ۋە قىزغىنىش ئىچىدە قادىلىپ قېلىشتى.

— يەنە ئەتىگەنكى جامائەتمىدۇ؟

— كارىڭ بولمىسۇن! — دېدى ئاتا ئۆيىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئالاڭلاپ قاراپ، — پۇللارنى يوشۇرۇش كېرەك. تېز بول!

— ساندۇقنى ئاچايمۇ؟

— كاپىشما!

— تەكىنىڭ ئىچىگە تىقايلى بولمىسا.

— ئەستەغپىرۇللا ...!

— ئەمسە نېمە قىلاي؟

— كەتمەننى ئەكەل. يەرگە كۆمىمىز، مۇشۇ پەگاغا.

— ھەممىسىنىمۇ؟

— ئەلۋەتتە ھەممىسىنى - دە!

— ۋاي، نېمە دەيدىغانلا خۇدايىم...! — ئانا رەللە بولۇپ بېشىدىكى بىر چەتكە ساڭگىلاپ قېيشىپ قالغان ئاق ياغلىقنى يەرگە ئاتتى، — چىشىمىزنىڭ بارىدا ھېچ بولمىسا پۇلنىڭ يېرىمىنى يېمەيمىزمۇ، ئىچمەيمىزمۇ، خەقنىڭ خوتۇنلىرىنىمۇ كۆرۈۋاتىلا، قوللىرىدا ياقۇت ئۈزۈك، قۇلىقىدا ئالتۇن ھالقا، بويندا مەرۋايىت...

— بالىنى مەن تاپقان! — ئاتا بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — پۇلنى قانداق خەجلەش ئۆزۈمنىڭ ئىشى. سەن ئارىلاشما!

— ئارىلاشما؟ بالىنى مەن تۇغقان، ۋېيەي...! — چاچلىرى ساڭگىلىغان ئانا ئۇنىڭدىن بەتتەر قەھرى - غەزەپكە كەلدى. — دېگەن گېپىنى تېخى! خۇددى ئاچچىق تولغاقتا ماڭا بىر قېتىم ئىنجىقلىشىپ بەرگەندەك!

— خەپ جۇمۇ. سەن ئىپلاسنى ھېلى...!

— ئۆزۈڭ ئىپلاس...!

بىر چاغلاردىكى ئىناق، مېھرىبان ئەر - خوتۇن ئەمدى بىر - بىرىگە دۈشمەن، تامامەن يات كىشىلەرگە ئايلانغان. ئۇلار شىرە ئۈستىدىكى پۇلنى بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن، بىر - بىرى بىلەن غالجىر ئىتتەك تالىشىۋېتىپ، بوغۇشۇۋېتىپ، چىشلىشىۋېتىپ، ھېلىقى دەرۋازىنى ئۇرغۇچىنىڭ غەزەپلىك چاقىرىشلىرىنىمۇ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ دەرۋازا بىلەن ئىشىكنى چېقىپ، ئۆيگە قانداق كىرىپ كەلگىنىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى.

— ۋاي ئىنىم...! ۋاي ئىسىت قېرىندىشىم! كەينىمدە تاغدەك يۆلەنچۈكۈم باردەپ، ئېتىزدىمۇ، سۇ ئامبىرىدىمۇ كۆڭلۈم پۈتۈن ئىشلىگەن ئەمەسمىدىم، ئەمدى سىزدىن ئايرىلىپ قانداق قىلارمەن قېرىندىشىم...! ئاشۇ قارا يۈرەك قاتىل سىزنى نېمە كۆرگەندۇ، جېنىڭىزنى قوشقاچ، پاختەكچىلىك قەدىرسىز چاغلىغانىدۇ...؟

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە تۇيۇقسىز ئاڭلىنىۋاتقان مۇسىبەت يىغىسىدىن ئېسىگە كېلىپ، ئالدىراپ بېشىنى كۆتۈرۈشتى - دە، سۇ ئامبىرىغا ئىشلەشكە كەتكەن چوڭ ئوغلىنىڭ ساقال باسقان، ئەلەم ۋە جۇدالىق ھەسرىتىدە تامدەك تاتارغان چىرايىنى كۆرۈپ، شىرە يېنىدا مۇردىدەك قېتىپ قېلىشتى.

— دادا...! ئاپا...! — يىگىت ئىككىسىگە يېقىنلاپ كەلدى - يۇ، ئەمما كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. ئەر - خوتۇن قورقۇنچلۇق، بەتبەشىرە، ئىسمى نامەلۇم يىرتقۇچ مەخلۇققا ئايلانغان، ئالۋاستىنىڭكىدەك قاباھەتلىك، ئىچىگە قىپقىزىل قان تولغان ئورا كۆزلىرىدىن ئەسەبىي، غالجىرانە ياپپېشىل سوغۇق نۇر چېقىندايتتى. بەدەنلىرىنى يىرگىنچلىك مەرەز - جاراھەت باسقان، ئۇنىڭدىن نەپەسنى بوغقۇچى بەدبۇي سېسىق پۇراق بۇرقسۇپ تۇراتتى. يۈزلىرىنى بىرلىك تۈك باسقانىدى. غاردەك ئېچىلغان بەدبەشىرە ئېغىزىدىن تىلى يەرگىچە ساڭگىلىغان، ئۇنىڭدىن قان ئارىلاش سېرىق شۆلگەي ئېقىپ تۇراتتى. ئۇلار تۆت ئاياغلىق بولۇپ ئۆمىلەپ، شىرە ئەتراپىدا ياخشىدەك پىرقىرىماقتا ئىدى.

— كىمسەن؟! — غەزەپلىك سورىدى ئاتا، خۇددى ئۇ ھازىرلا ئوغلىغا ئوقتەك ئېتىلىدىـ
غان ئەلپازدا.

— ئوغلىڭىز... سىلەرنىڭ ئوغلۇڭلار...

— ئۆيگە قانداق كىردىڭ، ئىشىك - دەرۋازىنى چاققان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى ئاتا يۈزىدىكى قاپقارا تۈكلىرىنى ھۆرپەيتىپ.

— سىلەرنى كۆرۈشكە ئالدىرىدىم... نېمە بولۇپ كەتتىڭىز دەپ...

— ياق، سېنىڭ بۇ پۇللارغا لېيىقلىك بۇزۇلغان!

— مەن ئىنىمغا ھازا ئاچقىلى، دەردىڭلارغا دەرمان بولغىلى كەلدىم. ئەزىزلىرىم... بىز يۈرىكىمىزنىڭ بىر پارچىسىدىن ئايرىلدۇق. بۇنى ئۇنتۇدۇڭلارمۇ؟

— بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى بىزگە نېمە ئىلاج؟ — ئانا بىر ئىچكى غالىلداش ئىچىدە كۆزىگە ياش ئالدى، — ئىنىڭنىڭ پېشانىسىگە شۇ يازمىش پۈتۈلگەن ئىكەن.

— قاتىلنى كوچىدا كۆردۈم. ئۇ نېمىشقا بۇ كۈنگىچە قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلمايدۇ. سىلەر ئەرز قىلمىدىڭلارمۇ؟

— بىز تىلخەت بەردۇق.

— نېمە دەپ؟

— ئۇنى گۇناھسىز دېدۇق. ئەكسىچە بىزنىڭ رەھمەتلىك ئوغلىمىز...

— ھە، سۆزلەڭ دادا!

— ئۇكاڭنى پەيلى شەيتان ئازدۇرغان. ھەزرىتى شەيتان... ئۇنىڭ كۆڭلىگە سالغان ۋەسۋەسىدىن بەندە غالىب كېلەلەيدۇ دەمسەن. ئۇكاڭ شۇنداق قىلىپ... ئورمانلىقتىكى يولدا باشلىقنىڭ ئوغلىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇنى بۇلىماقچى بولغاندا، ئۇ ھەقلىق قوغدىنىش يۈزىسىدىن...

يىگىت كالىدەك ھۆكۈرەپ يىغلاپ، ئەلەم ۋە غەزەپتىن يېنىدىكى تامنى زەرب بىلەن مۇشتلىدى:

— ئاھ، ئىسىت! سىز تىلخەتنى شۇنداق دەپ بەردىڭىزمۇ دادا؟ سىزچۇ ئاپا، ئۇ تىلخەتكە سىز قولىڭىزنى باسمىغانسىز؟

— مەنمۇ قولۇمنى باستىم بالام، ھەر ئىككىمىز ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن ئۇكاڭنىڭ خۇن ھەققىدىن كەچتۇق.

— ئىپلاسلار...! — قەھرىلەنگەن يىگىت ئىككىسىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى، — مۇشۇ پۇل ئۈچۈنلا گۇناھسىز ئوغلۇڭلارنى قارىلاشقا جۈرئەت قىلدىڭلارمۇ؟ ئۇنىڭ خۇن ھەققىدىن، ئاتا - ئانىلىق مېھرى - مۇھەببىتىڭلاردىن، ئىنسان بولۇپ ياشاشتىن كەچتىڭلارمۇ؟ ئىسىت، ئۇكام!... ياۋۇز ئوق ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تەگكەندە، ئۇ ئالدى بىلەن سىلەرنى ئويلىغان، «ئاپا... دادا... قېنى سىلەر...؟» دەپ تولغىنىپ جان ئۈزگەن بولغىدى. ئاپا...! سىز ئۇكامنى قانداق جاپا - مۇشەققەتتە تۇغقان؟ ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇنى تۇغىدىغان چېغىڭىزدا ساپ - ساق بىر ھەپتە ئاچچىق تولغاق يەپ ياتقان، تولغاق ئازابىغا چىدىيالماي، تىل - كالپۇكلىرىڭىزنى چاينىپ، چىشلەپ پارچە - پارچە گۆش قىلىۋەتكەن ئەمەسمىدىڭىز؟ سىزچۇ دادا...! ئۇكام بىر قېتىم ئاغرىپ قالغاندا، داۋالىتىش ئۈچۈن پۇل تاپالماي ئاخىرى ناھىيە دوخـ

تۇرخانىسىغا بېرىپ خۇپپىيانە قان ساتقان ئەمەسمىدىڭىز؟ دادا ...! ئاپا ...! ئاشۇ چەك-
سىز ۋاپا، مېھرىبانلىقىڭلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا مۇشۇ بىر دۆۋە پۇل ئۈچۈن بول-
غانمىدى - ھە؟! بىر چاغلاردىكى ئاتا - ئانىلىق مېھرىڭلار بىلەن لىپمۇ - لىپ تولغان پە-
زىلەتلىك يۈرىكىڭلار ئەمدى قايسى مەرەز - نىجاسەت بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەندۇ؟ يۈرىكىڭ-
لارنى كۆرسىتىڭلار، مەن بىر كۆرۈپ باقاي، كۆرسىتىڭلار ئىپلاسلار! — غەزەپتىن ئەسەبىلىرىنى
يوقاتقان يىگىت ئىككىسىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، كېلىنى بۈركۈتتەك قامالىدى. نەپىسى
بوغۇلۇپ، قورقىنىدىن كۆزلىرى چانقىدىن چاچراپ چىقىپ كېتىشكەن ئاتا بىلەن ئانا
غالىلداپ تىترىگىنىچە بۇلۇڭغا تىقىلىپ، ئاجىز، خىرقىراق ئاۋازدا يالۋۇرۇشتى:

— خۇدا ھەققى، كېلىنىمىزنى قويىۋەت ... بوپتۇ، بۇ پۇلنىڭ ئۈچتىن بىر ئۈلۈشىنى سەن ئال!

— راست گېپىڭلارمۇ بۇ؟

— يۈرىكىمىزدىكى گەپ!

— ئەمىسە ئاشۇ يۈرىكىڭلارنى كۆرۈپ باقاي. يۈرىكىڭلاردىكى ئىنسانىي سۆيەتنى، ئىنس-
سانغا ئاتا - ئانا بولۇشتەك چەكسىز ئىپتىخارلىق ئۇلۇغ تۇيغۇنى، ئالەمچە مېھرى - مۇھەب-
بەتنى بېسىپ چۈشكۇدەك قۇدرەتكە ئىگە نەرسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقاي ...! —
يىگىت ئىككىسىنىڭ ئۈستىگە بارلىق سالمىقى بىلەن تاشلىنىپ، كېلىنى تېخىمۇ قاتتىق
بوغۇشقا باشلىدى، ئۇ، غەزەپتىن ئەقلىي ئىدرىكىنى يوقاتقانىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ، تېگىدە
بار كۈچى بىلەن تېپىرلاۋاتقىنىنى، جان تالىشىپ خىرقىراۋاتقىنىنى سەزمەيتتى. ئىككىسى
ئۇزۇن ئۆتمەي جىم بولۇپ قالدى. خىرقىراشلىرىمۇ ئاڭلانمىدى. يىگىت شۇ چاغدىلا ئۆزىگە
كېلىپ، «دادا ...! ئانا ...!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئاستىدىكى بىر جۈپ جەسەتكە قاراپ
داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

## 3

— توۋا، خۇدايىم ...! ئۆز ئاتا - ئانىسىنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق قولى بارغاندۇ بۇ
دەيۈز مۇناپىقنىڭ؟ تۇفى ...!

— چالما كېسەك قىلىش كېرەك بۇ دوۋزىقى ھايۋاننى!

— ئۆلمەيدىغان يېرىگە تازا ئۇرۇڭلار ...!

— ھاي - ھاي ...! قول تەگكۈزمەي تۇرايلى، ھەرنېمە قىلسا تەشكىل ئۆزى قىلسۇن ...!

.........

ھويلا ئىچى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان. ھەممىسىنىڭ چىرايىدا غەزەپ، ئۆچمەن-
لىك. ئۇلار يىگىتنى ھويلىغا ياقىسىدىن سۆرەپ چىقىپ، خۇددى ئوقۇردا قوناق سوققان-
دەك دۇمبالىماقتا. ئەڭ يامان تىل بىلەن تىللاپ، باش - كۆزىگە تۈكۈرمەكتە. يەنە كىملەر-
دۇر ئارىغا كىرىپ، ئۇنى ھىمايە قىلماقتا. ھويلىدا قىقاس - چۇقان، توپا - چاڭ ...

تاشيول تەرەپتىن ئۇچقاندەك يېتىپ كەلگەن كونا جىپ ماشىنا دەرۋازا ئالدىدا
قاتتىق تورمۇز بىلەن توختىدى. ئۇنىڭدىن يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئالدىراپ چۈشۈپ
كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى قەھرى - غەزەپتىن چۈيۈندەك قارىيىپ كەتكەن، قوشۇمىسى تۈگە

لوكەمسىدەك تۇرۇلۇپ، چانىقىدىن سىرتقا تېپىپ چىققان كۆزلىرى قاتتىق چەكچەيگەنىدى. هازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. جامائەت ئۇنىڭغا يول بوشىتىشتى.

— قېنى ئۇ؟

— مانا، بىز قاچۇرۇپ قويمايلى دەپ....

يىگىت هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇستىبېشى توپىغا مىلەنگەن، باش - كۆزى يېرىلغان، يۈزلىرى كۆكىرىپ ئىششىغان هالدا تۇگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ، شۇجىنى كۆرگەن هامان، ئالدى - كەينىگە تىرەجەپ، دەلدەڭشىپ تەستە ئورنىدىن تۇردى - دە، كەيسىلىرىدىكى توپىنى ئالدىرىماي قاقتى، يەردىن دوپپىسىنى ئېلىپ كىيدى، ئاندىن شۇجىغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى.

— بۇنى باغلاڭلار...! — بۇيرۇق قىلدى شۇجى شۇ ئان ئەرۋايى ئۇچۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغانلار يىگىتكە بۆرىدەك تاشلىنىشتى. مۇزدەك سۆرۈنلەشكەن، ئاقارغان چىراي، قەهرى - غەزەپ، نەپرەت ۋە ئەلەم، ھەسرەت چاقمىقى چىقىنداۋاتقان كۆز. هويلا ئىچى تىمتاس، ئەمما سۇرلۇق. جامائەتنىڭ غەزەپ - نەپرەت، قىزىقسىنىش ۋە ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى ئىچىدە چەكچىيىپ قالغان كۆزلىرى شۇجى بىلەن يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىنىمسىز چاپماقتا... ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ قەدەم.

— خوش، سۆزلە!

يىگىت ئىششىغان قاپاقلىرى ئارىسىدىكى خاتىرجەم كۆزلىرىنى شۇجىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن ئاغدۇردى.

— مەن ئالدى بىلەن سىزنىڭ سالاهىتىڭىزنى سوراپ بىلمەكچىمەن.

— كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قارا! — زەردە بىلەن ۋارقىرىدى شۇجى كۆزىگە چۈشۈپ قالغان كەپكىسىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ.

— قىزىشماڭ، سىز گېپىمنى چۈشەنمىدىڭىز، — يىگىت ئۆزىگە ئىشەنگۈچى تەمكىن بىر ئاۋازدا داۋام قىلىپ دېدى، — بىلىمەن، سىز يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى، ئەمما قانۇن خادىمى ئەمەسسىز، مەن پەقەت ئادالەتلىك قانۇننىڭ سادىق ئىجراچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى بىلەنلا سۆزلىشىشنى خالايمەن، ئۇنى ئاياغ - ئاستى قىلغۇچىلارنىڭ يۈزىگە قارار كۆزۈم يوق!

— مەن مۇشۇ يېزىنىڭ بىرىنچى مەسئۇلى، ئۆز تەۋەيىمدە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى جامائەت ئالدىدا بىرىنچى بولۇپ سوراق قىلىشقا هوقۇقلۇقمەن!

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاڭ، — يىگىتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — مېنىڭ ئىنىم كولېكتىپنىڭ مۈلكىنى جان تىكىپ قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغىنى ئۈچۈنلا...

ئاچچىق بىر يىغا ئۇنىڭ بوغۇزىغا كەپلىشىپ، يىگىت گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

— ئۆز جىنايىتىڭنى كۆپچىلىككە سۆزلە! — ۋارقىرىدى شۇجى قىزىشىپ ھەم تاقەتسىزلىنىپ، — ئۇ ئەنزە ئۈستىدە ئاللىقاچان خۇلاسە چىقىرىلغان!

يىگىتنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى:

— ئەمما قانۇنىي ھۆكۈم چىقىرىلمىغان! بىلىپ قويۇڭ، پۇقرانىڭ قېنى ئوخشاشلا ئادەمنىڭ قېنى. سىز بۇ گۇناھسىز، ناھەق تۆكۈلگەن قاننى خۇددى بىر داس كىر سۇيىدەك ئەرزىمەس، قەدىرسىز چاغلامسىز جانابى شۇجى؟!

— كاپىشما! ئالدىمدا مۇنداق ئالجىشىڭغا رۇخسەت يوق! — شۇجى غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ، مۇشتۇمىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى، — ساڭا پەقەت شۇنىسى ئېيتىپ قويۇشلا زۆرۈر، ئىنىڭنىڭ ئۆلۈمى ئۆز گۇناھىغا يارىشا بولغان، بۇ ھەقتە داداڭ بىلەن ئاپاڭ ئىسپاتلىقتىن ئۆتكەن.

— ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز، سىزمۇ ئىسپاتلىقتىن ئۆتكەن ئىدىكەنسىزغۇ؟

— ئەلۋەتتە. پاكىت ئالدىدا راست سۆزلەش ئاتا-ئانىمىزنىڭمۇ، بىر رەھبەرنىڭمۇ بۇرچى.

— يالغان! ھەممىڭلار يالغان سۆزلىگەن، ئاتا-ئانام ھەيۋە ئالدىدا تىز پۈككەن، ھىلە-مىكىردىن ئېرىپ كەتكەن، پۇل-مەنپەئەتكە سېتىلغان. سىزچۇ؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ رەھبەرلىك ئىمناۋىتىڭىزنى، ۋىژدانىي قەدىر-قىممىتىڭىزنى نېمىگە تېگىشىۋەتكەنلىكىڭىزنى كۆڭلىڭىزدە ئوبدان بىلىسىز!

— بۇ، سېنىڭ قاتىللىق جىنايىتىڭنى ئاقلاش ئۈچۈن تېپىۋالغان دەستىكىڭمۇ؟

— ياق، مەن قاتىل، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان قاتىلمەن.

— شۇنداق، سەن جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان قاتىلسەن، شۇڭا قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىنىشقا تېگىشلىكسەن.

— ئەلۋەتتە، — يىگىت مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىدى، — لېكىن سىز قانۇننى قاچاندىن باشلاپ تىلغا ئالىدىغان بولۇپ قالدىڭىز، پەقەت بۈگۈنلىمۇ؟ بەزىلەر قانۇننى جام قىلىپ، پۇقرالارنىڭ قان، ياشلىرىنى قەھۋە ئورنىدا ئىچىۋاتقان چاغدا، كۆزىڭىز كور، تىلىڭىز گاچا بولۇپ قالغان ئەمەسمىدى؟ مۇبارەك بولسۇن! كۆزىڭىز قاچان ئېچىلدى؟ تىلىڭىز قاچان زۇۋانغا كەلدى؟ ئۆلۈم ئالدىدا شۇنى دەۋالاي، ئادالەتلىك قانۇن پەقەت سىلەردەك ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنى ئۈچۈنلا، ئۇ قاقسا ماڭمايدىغان لاتا قوزۇقا، تارتسا ئۈزۈلىدىغان، قويۇۋەتسە قىسقىرايدىغان رېزىنكىگە، تاجىدارلارنىڭ قوغدىنىش ئۆڭكۈرىگە ئايلىنىپ قالغان. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، دۆلەتنىڭ ھالى، پۇقرانىڭ كۈنى نېمە بولىدۇ....؟

شۇجى ئۇنىڭ ھەممە سۆزلىرىنى بىر-بىرلەپ يېزىۋېلىش ئۈچۈن يېنىدىكى خاتىرىسىنى ئالدى. چۈنكى بۇ سۆزلەرنىڭ سىياسىي سالمىقى ئۇنىڭ قاتىللىق جىنايىتىدىن قېلىشمايتتى. ئەمما ئۇ بۈگۈن جامائەت ۋە جىنايەتچى ئالدىدا ئۆزىنىڭ چالاساۋاتلىقىنى چاندۇرۇپ قويۇشنى خالىمىدى. شۇڭا خاتىرىسىنى ياندۇرۇپ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، جىنايەتچىدىن يەنە بىر مۇنچە مەسىلىنى سورىمىغانلىقىنى ئەسكە ئالدى.

— باياماڭا قويغان بىر تالاي سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىش مېنىڭ ۋەزىپەم ئەمەس،

ئۇنىڭغا ئاتا - ئاناڭنىڭ روھىناتلىرىلا جاۋاب بەرسۇن. ئەمدى سەندىن ئاخىرىدا سورايدىغان بىرلا مەسىلە قالدى، سەن ئۆزۈڭنىڭ جاپادا تۇغقان، كۆز قارچۇقىدەك ئاسراپ بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا - ئاناڭنى نېمە مەقسەت بىلەن ئۆلتۈردۈڭ؟

— مەقسىدىم ناھايىتى ئېنىق، — دېدى يىگىت خۇددى ئۇيقۇدىن ھازىرلا ئويغانغاندەك قەددىنى رۇسلاپ، — مەن ئاتا - ئانامنى ئۆلتۈرمىدىم، پەقەت ئۇلارنىڭ ئاشۇ روھىنىلا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلماقچى بولدۇم.

— مەقسىدىڭ بىزگە ناھايىتى ئېنىق! — شۇجى گويا دۇنيانىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى يېشىشكە كامىل ھۆكۈمادەك بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جامائەتكە مەغرۇر، تەكشى قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — سەن ئائىلەڭگە بېرىلگەن نەپەقە پۇلىنى يالغۇز ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۆيدە باشقا بىر كىمنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئاتا - ئاناڭنى ئۆلتۈرگەن.

يىگىت بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلدى:

— نېمانچە ئەخمەق، نادان ئادەمسىز؟ بىزنىڭ ئۇرۇق - جامائەتلىرىمىز ئىچىدىكى ھەممە ئادەمنى پۇل ۋە ھۆزۈر - ھالاۋەت ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ، ئىپتىخارلىق نامىغا داغ چۈشۈرۈشنى راۋا كۆرىدىغانلار دەپ ئويلامسىز؟ خاتالىشىسىز!

شۇجى بۇگۇن بۇ كەم ئۇچرايدىغان پەۋقۇلئاددە سورۇندىن پايدىلىنىپ، جامائەتكە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ياخشىراق كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلىغانىدى — بىر قاتىل جىنايەتچىنىڭ ئالدىدا گەپ تاپالماي رەسۋا بولۇشنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ، ۋۇجۇدىدىكى سوغۇق، ئەسەبىي تىترەكنى يەنىلا ھەيۋىسى بىلەن باسماقچى بولدى. ئۇ يېنىدىكىلەرگە قولىنى كەسكىن شىلتىپ:

— جىنايەتچىنى ئۇدۇل جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە ئاپىرىڭلار، پەخەس بولۇڭلار، يولدا قېچىپ كەتمىسۇن! — دېدى.

4

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ قاش قارايغان چاغدا، بىر توپ يېزا يىگىتلىرى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، قوش قاناتلىق دەرۋازىنى گۈمبۈرلىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. خېلىدىن كېيىن ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىم سىلەر، بۇ كېچىدە نېمە ئىش؟ — دەپ توۋلىدى ئۆيدىن چىقمىۋاتقان ياش ئايال چالۋاقاپ، — شۇجى ئۆيدە يوق، ئۇنى ئىزدىسەڭلار ئەمدى ناھىيىگە بېرىڭلار!

— بىلىمىز، دەرۋازىنى ئېچىڭ، سىزگە بىر خەۋەرنى يەتكۈزگىلى كەلدۇق، — دېدى يىگىتلەرنىڭ بىرسى.

— نېمە خەۋەرلىكىنى بىلمەيمەن، — ئايال بىردىنلا يۇمشاپ، دەرۋازىنى ئاچتى، — ئويناپ-ئويناپ، ئولتۇرۇشۇڭلار، قىزىمىغان چاغدا ئاندىن مېنى چاقىرغىلى كەلگەنسىلەر ھەقىچان؟

— ياق، شۇم خەۋەر ... شۇجىغا يېڭى ئەمەلنىڭ ياراشماي قالغىنىنى قارىماسىز، ھەي ئىسىت ... تۆت بالىڭىز يېتىم، ئۆزىڭىز تۇل قالىدىغان بولدىڭىز ئەمدى.

— نېمە ... شۇجى نېمە بوپتۇ؟ — دېدى ئايال قورقىنىدىن يىغلىماسىراپ.

— كۆتۈلمىگەن قازاغا يولۇقۇپتۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي ...! نەدە؟

— دەريا بويىدا.

— يالغان! ھۇ، تىلىغا مەرەز چىققۇر كارۇكلار! — ئايال ئۇلارغا قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى، — يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىقلار ئۇنى تېخى بايىلا پىكاپىغا چىقىرىپ ناھىيىگە ئېلىپ كەتكەن تۇرسا!

— بالا-قازا دېگەن كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرمايدۇ-دە، ھەئە، دەل شۇ كېتىۋېتىشىدا. ئورمانلىق ئارىسىدىكى يول ئۈستىدە.

— ۋاي خۇدايىم! ئەمدى قانداق قىلاي! — ئايال چاچلىرىنى يۇلۇپ داد-پەرياد كۆتۈردى، — نېمە پېشكەللىكلىك كەلگەندۇ ئۇلارغا. ھېلىقى شوپۇر مەستچىلىكتە ماشىنىنى دەرەخكە سوقۇۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— شۇ يەردە بىزنىڭ بىر ئاغىنىمىزنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئېسىڭىزدە بولغان بولغىيدى؟ ماشىنا دەل شۇ يەردە تېيىلىپ، دەرياغا چۈشۈپ غەرق بولۇپ كەتكەن گەپ.

— ئاھ، شورلۇق ... بەختسىزلىك ...، — ئايال كۈچسىز، زەئىپ بىر ئاۋازدا ئىڭراپ، ھوشسىزلىنىپ دەرۋازا يېنىغا يىقىلدى. شۇ چاغدا قايسىدۇر بىرسى ئايالنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— سەۋرى قىلىڭ ئاغىچا. ئۇلار ئەسلىدە ئىشنى خاتا قىلغان. يۇقىرىنىڭ قېنىنى خالىغانچە دەسسەپ، چەيلەشكە بولىدۇ دەپ ئويلىغانىدۇ، ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ قانغا تېيىلىپ، جەھەننەمگە كېتەرىنى بىلمىگەن.

ئايالدىن سادا چىقمىدى. يىگىتلەر دەرۋازا ئالدىغا قانداق تۇيۇقسىز كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق غايىپ بولۇشتى.

1988 - يىل ئۆكتەبىر، كۇچا.

# ئۈچ پارچە فېلىيەتون

ئالىم مۇقىيت

## «ھەيكەلنىڭ غەزىپى»

ئايدىڭ كېچىلەرنىڭ بىرى ئىدى. قولىدا نەيزە - قالقان، ئۇچىسىغا ساۋۇت، بېشىغا دوبۇلغا كىيىپ كۆكلەرگە مەغرۇر قاراپ تۇرغان ھەيكەل ئاي نۇرىدا خۇددى زېمىنگە تامغا باسقاندەك قاپقارا سايە تاشلاپ تۇراتتى. مانا شۇ ھەيكەلنىڭ پىنھان سايىسىدا بىر يىگىت بىلەن بىر قىز شېرىن لېرىك سۆھبەت ئۈستىدە ئىدى. بىر چاغدا قىز يىگىتنى سىنىماقچى بولدىمۇ ياكى قىزلارغا خاس نازىمۇ ئەيتاۋۇر قىز ئەنسىزلىك بىلەن:

— نېمىشقىدۇر تېنىم شۈركىنىۋاتىدۇ، قورقۇۋاتىمەن! — دېدى.

— نېمىدىن قورقىسىز، جېنىم! يېنىڭىزدا سىزگە ھەمراھ بولۇۋاتقان سۆيگىنىڭىز ئالۋاستىنى «سوف!» دەپ، يالماۋۇزنى «پوف!» بىلەن ئۇچۇرۋېتىدىغان داۋ يۈرەك باتۇرلاردىن، خاتىرجەم بولۇشىڭىزنى ۋە ماڭا ئىشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى يىگىت.

قىز خاتىرجەم بولدى. دەل شۇ چاغدا يۈزىگە نىقاپ تارتقان بىر بۇلاڭچى قولىدا پارقىراپ تۇرغان خەنجىرىنى ئوينىتىپ، ئەزرائىلدەك سۈرى بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. سۆزلەۋاتقان يىگىت قورقۇنچىدا زۇۋانى تۇتۇلۇپ، شىمىنى ھۆل قىلىۋېتىشتىن باشقا ئىشقا چارىسىز قالدى. بۇلاڭچى، پۈت-قولىدا جان قالماي لاكاسلاپ قالغان يىگىتنى سۆرەشتۈرۈپ ئاپىرىپ قېرى قارىياغاچقا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويدى-دە، بىمالال كېلىپ قىزنىڭ بويىنىدىكى، قولىرىدىكى قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرىنى سۇغۇرۇپ ئالغىلى باشلىدى. قىز، مېنى قۇتقۇزارمىكىن دەپ يىگىت تەرەپكە ئۈمىد بىلەن قارايتتى. بىراق يىگىت قېرى قارىياغاچنىڭ پوقىتىدەك ئۈن - تىنسىز قىمىر قىلماي تۇراتتى. مانا بۇ چاغدا ئىنسانلار تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان ئاجايىپ مۆجىزىنىڭ بىر ۋەقە روي بەردى: يەنى، قەھرىمانلار شەنىگە ئورنىتىلغان ھەيكەل ئۆز يېنىدا يۈز بەرگەن شەرمەندە ئىشقا شاھىت بولۇپ قېلىشقا غۇرۇرى چىدىماي ھەيكەل سۇپىسىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، نەيزىسى بىلەن بۇلاڭچىنى ئۇرۇپ ھايدىۋەتتى. قېرى قارىياغاچقا چاپلىشىپ تۇرغان يىگىتكە، خەۋپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن جان كىردى ۋە تىللى كالۋالاشقان ھالدا ئارانلا مۇنۇ سۆزنى دېيەلىدى:

— سى... سى... سىز ھە... ھەيكەلمۇ، يا... يا... ئا... دەممۇ؟

— كەچۈرۈڭسىز! — دېدى ھەيكەل تەنە بىلەن يىگىتكە نەپرەتلىك تىكىلىپ، — مېنى خاتا ئورنىتىپ قويۇپتۇ. بۇنداق خورلۇق ۋە زورلۇققا چىداپ، ئۈن - تىنسىز جىم تۇرۇپ بېرىدىغان ۋەزىپىگە سىز تولىمۇ باپ كۈپ.

دىكەنسىز! مەن ئۆز ئىززەت ـ ئابرويىنى، ھۆرلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى ئايىمايدىغان پىداكارلارنىڭ شەجەرىسىمەن! قېنى، ماۋۇ نەيزىنى ئېلىڭ ـ دە، سۆيگەنگە چىقىپ ھەيكەل بولۇپ تۇرۇپ بېرىڭ.

ھەيكەل نەيزە ـ قالقاننى تاشلاپ قىزنى يېتىلەپ كېتىپ قالدى.

## تىلاۋەت

ئۇلار تائەت ـ ئىبادەتلىرى ھېسابىغا ئۆز ئىشلىرى، ۋاقىت ـ تاپاۋەتلىرىگە بەرىكەت تىلەپ خۇدانى قەرز قىلىش ئۈچۈن مەسچىتكە ئالدىراپ مېڭىشتى.

ـ ئى، خۇدايا ـ پاكى پەرۋەردىگارا! قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ، ھەمىشە ياز قىلىپ، زېمىنىڭگە قىش يولاتما، ئۆرۈكنى ئالمىدەك، ئالمىنى تاۋۇزچىلىك قىلغايسەن ئىلاھىم! ـ دەيتتى باققال ئىشەنچ بىلەن.

ـ ئى، كارامەتلىك خۇدا! تۇزنى مۇز قىلغايسەن، سۇيۇقنى شەربەت، پىتىقىمنى قېتىق قىلساڭ، قالغىنى قايماق، ـ دەيتتى دوغاپچى.

ـ ئى، كەرەملىك خۇدا! ئاسمىنىڭغا بۇلۇت يولاتمىساڭ، ئاپتىپىڭدا كوزا ـ ئىدىشلىرىمنى قۇرۇتۇپ كۆپرەك پۇل قىلسام، ـ دەيتتى كۇلالچى

ـ ئى، مېھرى ـ شەپقەتلىك، نۇسرەت ئىلاھى ئىگەم! ماڭا گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان گۈزەل قىزدىن بىرنى ئاتا قىلساڭ، ـ دەيتتى بويتاق كۆكسىنى قامللاپ.

ـ ئى خۇدا خېرىدارنى كور ياراتساڭ، قەغەزنى رەخت دەپ ساتسام، كۈندىنى يېڭى، ـ دەيتتى سودىگەر دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى ئالدىراش پۈكۈپ. دۇ-

رۇتكە ھېسابات ئارىلاشتۇرۇپ.

ـ ئى، ئالەمنىڭ خوجىسى، ئىنسانىنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇلۇغ تەڭرىم! ئاسىي بەندىلىرىڭ ھازىر ئىتائەتتىن يىراقلىشىپ ئىمانىدىن قاچتى؛ ھەقىقىي ـ ھۆرمىتىڭگە قىلىدىغان دۇئا ـ تىلاۋەت، ئەرۋاھلارغا ئاتالغان ئېيت ـ پۇشكال ئازلاپ كەتتى. بەندىلىرىڭگە ئىمان بەرسەڭ، ئەقىل بەرمەسەڭ، ـ دەيتتى موللا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ئايەتلەر بىلەن.

ـ ئى، مۇقەددەس تەڭرىم! جاھاننى جىنايەتتىن خالاس قىلىپ، جامائىتىڭنى خاتىرجەم قىلغايسەن. ھەممە ئادەمنى يۇۋاش ـ مۆمىن قىلىپ سېھرى كۈچۈڭ، سىرلىق يىپىڭ بىلەن باغلىغايسەن! ـ دەيتتى قازى بۇيرۇق ئاھاڭىدا كەسكىن قىلىپ.

ـ ...

ـ ...

ئاسىي بەندىلەرنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولمىسىمۇ، ئاللا مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ھەم شەپقەتچىدۇر. شۇنىڭ بىلەن ئاللانىڭ ئۆز قۇدرىتى، نۇسرەت ـ خاسىيىتى نامايان بولۇپ بەندىلىرىنىڭ تىلىكىنى ئىجاۋەت قىلدى: باققالنىڭ ئۆرۈكى ئالمىدەك، ئالمىسى تاۋۇزدەك يوغىناپ پىشقان بولسىمۇ تەرخەمەكچىلىك تەمى يوق ئىدى. باشقا باققاللارنىڭ كىچىك، توك بولسىمۇ، تاتلىق ھەم مېۋە تەمى بار ئىدى. بەدنىيەت باققال خېرىدارسىز قالدى.

تۇزلار مۇزغا ئايلىنىپ كېتىپ دوغاپچىنىڭ دەسمايىسى كۆپ بولسىمۇ كۈنى تەس بولدى: ئۇ كۈندە تۇزسىز تاماق يەپ ئىنسانىنىڭ تاماق يېيىشتىن ئالىدىغان لەززىتىدىن مەھرۇم قالدى.

ئاسمان بۇلۇتسىز، ئاپتاپ توختاۋسىز بولۇپ، يامغۇر ـ يېشىندىن ئايرىلغاندىن كېيىن قۇرغاقچىلىق ئاپەت بولدى؛

قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن يەرلەرگە چاك كەتتى. ئىچىشكە سۇ تاپالمىغان يەردە لاي ئېتىشكە سۇنى نەدىن تاپسۇن! — كۈلالچى كوزىسىز قالدى.

بويتاق، گوزەللىكتە تەڭدىشى يوق، سۈزۈكلۈكتە ئەينەكتىمۇ سۈزۈك مەشۇققا جۈپ بولدى. بىراق گوزەلنىڭ يېگەنلىرى جىسمىدىن، ئويلىغانلىرى پېشانىسىدىن، خۇددى تېلېۋىزور ئېكرانىدىن كۆرۈنگەندەك روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنىسى ئىنسانلار ئىزچىل تۈردە ياخشى نىيەتتە بولۇۋەرمەيدىكەن، گوزەللەرنىڭ ئوي-پىكرىنىڭ گوزەل بولۇشىغا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدىكەن. بولۇپمۇ ئۇلاردا گوزەللىككە نىسبەتەن ئىشەنچ-تەمەننا، باشقىلاردىن كۈتىدىغان مۇھەببەت، ھۆرمەت تەلىپى كۈچلۈك ھەم كەڭ دائىرىدە بولۇپ باشقا ئالىيجاناب ئوي-پىكىرلىرىدىن غالىپراق كېلىدىكەن. مانا بۇ تەرەپ بويتاقنى خورلۇق، كۈندەشلىك ئازابىغا سېلىپ بويتاقنىڭ مۇھەببەت رايىنى قايتۇردى.

سودىگەرنىڭ خېرىدارلىرى كور بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكنىڭ كونا-يېڭىلىقى، پاسونى ۋە رەڭگى-سۈپىتىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى-دە، سودىسى پەقەتلا يۈرۈشمىدى.

كىشىلەر نادانلىقتا شۇ دەرىجىگە يەتتىكى پىكىر قىلىشتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ ھايۋانغىلا ئوخشاپ قالدى: ئۇلاردا نە ئېتىقاد، نە باقى ئالەم، نە پانى ئالەم توغرىسىدا ھېچقانداق چۈشەنچە قالمىغاچقا، موللامنىڭ ساۋاپ ئىشلار توغرىسىدا ئوقۇغان ۋەزلىرىگە، ئۇ ئالەم — جەننەت توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئۇلاردىن خۇددى قۇشخانا بىلەن قوتاننى ئايرىيالمىغان قويلاردەك ھېچقانداق ئىنكاس چىقمىدى. ئۇلارنى ھەرقانداق پەتىۋاغا ئىشەندۈرۈشكە بولماي قالدى.

قازىنىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولۇپ، كىشىلەر يۇۋاش-مۆمىنلىكتە «خوش»، «لەببەي»دىن باشقا سۆزنى دېيىشكە پېتىنالمايدىغان، كۆڭۈل ئاياپ چىۋىننى قورىمايدىغان، پاشا چاقسا شاپىلاقلىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ قانلىرىنى پاشا، زۇلۇك قاتارلىق ھاشارەتلەر شوراپ تۈرلۈك كېسەللەرگە گىرىپتار بولدى. ھەتتا بەدەنلىرىنى جاراھەت بېسىپ قۇرتلاپ كەتسىمۇ «قۇرتقا ئازار يەتمىسۇن» دەپ تېرىسىپ ئېلىۋەتمەيدىغان دەرىجىدە ياخشى كۆڭۈل بولۇپ، ئاۋام ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالدى.

شۇم نىيەت ۋە شەخسى غەرەز بىلەن قىلىنغان تىلاۋەتنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىگە سەۋەبكار بولغان ئاسى-غاپىل بەندىلەر خۇداغا نالىزار، داد-پەرياد بىلەن مۇنۇلارنى ئىلتىجا قىلىشتى:

— ئى، ئالەمنىڭ پەرۋىشكارى رەببىمىز! ئۇلۇغ قۇدرىتى كامالىتىڭ بىلەن ئالەمنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى قادىرسەن! ياخشىنىڭ قەدرىگە ياماننى كۆرۈپ يەتتۇق، ئاقىلنىڭ قەدرىگە ناداننى! مەرھەمەتلىك، رەھىمدىل خۇدا ئەۋۋەلدە لەۋھۇلمەھپۇزغا ① قانداق پۈتكەن بولساڭ شۇ پېتىچە بولسۇن. بومىغا زىل، تومىغا ئىنچىكە، ئوتقا سۇ، دۆتكە قۇۋ، گۈلگە تىكەننى ياندىشتۇرۇپ يارىتىپسەن، ئالەمنىڭ رەڭدارلىقى — ھاياتنىڭ مەنىسىكەن، توۋا قىلدۇق!...

ئۇلارنىڭ پەريادى پەلەككە يەتتى. جاھان ئەسلىگە كەلدى.

88 - يىل، ئىيۇل.

① لەۋھۇلمەھپۇز - ئالەمنى يارىتىش ئالدىدىكى لايىھە.

## «مۇكاپات»

كەمتەر ھەمدە «تالانتلىق يازغۇچى»
شۆھرەتۋايوف ئۇلۇغ تەپەككۇرلار بىلەن
بەنتلەنگەن بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە بىرخىل
سالماق قەدەم بىلەن زىياپەتكە كېتىۋاتاتتى.
تاماكا چېكىشكە ئادەتلەنمىگەن بولسىمۇ، ئالىي
دەرىجىلىك تاماكىدىن بىر تالنى تۇتاشتۇرۇ-
لۇپ، ئۇڭ قولىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغا
سەنئەتلىك قىستۇرۇلغان. باش بارمىقىنى رەت-
لىك ئېتىلگەن چاپان ئۈچىنچى تۈگمىسىگە
ئېلىۋېلىپ، چىمەلتىكى بىلەن مەيدىسىگە تى-
نىمسىز چەككىنىچە جىددىي پىكىر قىلىۋاتقان
ئالامەتلەرنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى؛ ۋەزىپىسى
ئېغىر سول قولىدا چوقۇم يۆگەلگەن گېزىت
ياكى بىرەر ئەدەبىي ژۇرنال ياكى قولتۇ-
قىدا كۆن مۇقاۋىلىق قېلىن كىتاب بولات-
تى؛ يول ماڭغاندا پىكىر قىلىشقا كېرەكلىك
بولغان ماتېرىياللار خۇددى يەر بېتىگە يې-
زىلىپ قالغاندەك نەزەرىنى يەردىن ئۈز-
مەيتتى. مۇبادا شۆھرەتۋايوف بىلەن سۆھ-
بەتلىشىش پۇرسىتى كېلىپ قېلىپ، ياخشى
تەسىرات قالدۇرالىسىڭىز، چوقۇم «بەدىئىيلىكى
يۇقىرى بۇرادەرلەردىن ئىكەنسىز» دېگەن
ئەدەبىي سۆز بىلەن تارتۇقلىنىسىز-دە، «بۇ
كىشى چوقۇم يازغۇچى ئىكەن» دېگەن خۇلا-
سىگە كېلىسىز. ئەسلىدە شۆھرەتۋايوف، ئىس-
مىي ئەمەلىيىتىگە لايىق شۆھرەت قازىنىش
ئارزۇسىدا بارلىقىنى بېغىشلىغانىدى؛ دەس-
لەپىدە ئۇ مۇشتى بىلەن يۇۋاش-مۆمىن
كىشىلەرنىڭ مەڭزىگە ئەن سېلىپ يۈردى، كىشى
كۆڭلىگە سەۋەبسىز ئازار يەتكۈزۈپ يۈرىدى-
غان «نوچى»لار سېپىدە شۆھرەت قازىنىش
مۇمكىنچىلىكى بارمىكىن دەپ نوچىلارغا پۇل
خەجلەپ باقتى، لېكىن شۆھرەتۋايوفنىڭ شۆھ-
رىتى ئاشۇ چەكلىك دائىرە ئىچىدىلا بولاتتى.

ئاخىرى يازغۇچى بولۇش نىيىتىگە كەلدى.
بىراق خۇدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئازغىنە بول-
سىمۇ دىت قوشمىغان ئىكەن. ئىزرۇلۇش،
زورۇقۇشلار نەتىجە بەرمەي ئاخىرى باشتىچە
يول تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بولسىمۇ
ئارتىسلاردەك يازغۇچىنىڭ رولىنى ئېلىش
ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆرۈش قۇۋۋىتى
ئىنتايىن ياخشى بولغان كۆزىگە گرادۇس-
سىز (ئەينەن كۆرسەتمىدىغان) كۆزەينەك
تاقىدى. تەپەككۇر قىلىش سەۋەبىدىن چاچ
چۈشۈپ پارقىرىغان باشلارغا ئوخشىتىش
ئۈچۈن ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ،
ئىككى چېكىسىنىڭ ئۈستۈنرەكىدىكى چاچلارنى يۇل-
دى. كىيىملەرمۇ مۇناسىپ ھالدا تىكتۈرۈ-
لۈپ، يازغۇچىنىڭ كىيىمى پۈتتى. بىراق
بۇ كىيىملەرنىڭ دوختۇرلارنىڭ خالىتى، پوچ-
تىكەشلەرنىڭ يېشىل كىيىمىدەك كەسپىدىن،
گېنېرالنىڭ پاگونلۇق كىيىمىدەك ھەربىي ئۇن-
ۋانىدىن گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقى شۈبھىلىك
بولغاچقا، جانلىق گۇۋاھچىدىن بىرنى تې-
پىش زۆرۈر بولۇپ تۇرغان پەيتتە، شۆھ-
رەتۋايوفنىڭ ئىخلاسمەن كونا بۇرادىرى
«بۇغداي بانىسىدا سۇغا قېنىۋېلىش» مەقسى-
تى بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى.
(ئېپى كەلسە ياخشى كۆرگەن چۈشىنىمۇ تو-
ۋار سۈپىتىدە سېتىش مۇمكىنچىلىكى بار
ئوخشايدۇ). شۆھرەتۋايوفنىڭ ئىخلاسمەن
دوستى - ئابدۇسادىق، پۈتۈن تىرىشچانلىقى
بىلەن توقۇغان مەدھىيىسىنى، شۆھرەتۋايوف-
نىڭ ھارىقى بىلەن سامساغا تېگىشىپ، يەپ-
ئىچىدىغان بولدى. ماختىغاندىمۇ نىھايىتى
ئۇستىلىق بىلەن ماختايتتى. (شۆھرەتۋايوف-
نىڭ يازغۇچى بولۇش ئارزۇسىدا زورۇقۇپ
ئىسراپ قىلىۋەتكەن قەغەزلىرىنى تىقىشتۇرۇپ
يۈرگىنىدە كۆرۈپ قېلىپ، «شۆھرەتۋايوف
راستىنلا بۈيۈك ئەسەر ئۈستىدە ئىشلەۋاتسا

كېرەك» دېگەن ئويغا كېلىپ قېلىپ، ئىشەنچىلىك ماختاشلىرى بىلەن شۆھرەتۋايوفنىڭ مۇددىئاسىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىشقا باشلىغانىدى). شۆھرەتۋايوفمۇ يېڭى مۇخلىسىدىن رازى ئىدى: «قالتىس جۆرىدە، ماڭا! لوپا ئەينەك! ھەسسىلەپ چوڭ كۆرسىتىدىغان ئەينەك! ئابروي، شان-شەرەپ شوتىسى، مەنلا مىنىش ئۈچۈن يارالغان دۇلدۇل!»

ماتا بۈگۈنكى سورۇننىڭ مېھمانلىرى: يازغۇچى-شائىرلار، سۆھبەت ئەدەبىي مۇتائەلە بىلەن قىزىقىدىغان بولغاچقا، بۇ مەشھۇر كىشىلەر سېپىنىڭ سەھنىسىگە چىقىشقا ئابدۇسادىق شىتىسىنى ئىشلىۋالمىسا بولمايتتى.

شۆھرەتۋايوف ئارزۇ قىلىپ كەلگەن پۇرسەتلىك ئولتۇرۇش باشلانغىنىغا خېلى بولدى. تاتلىق-تۇرۇملۇق تائاملىنىش ئاخىرلىشىپ، ئاچچىق-چۈچۈك تائاملىنىشنىڭ قىزغىن مەزگىلى - يەنى بوتۇلكىلار ئىچىدىكى سۇيۇقلۇق، ئىچەرمەنلەرنى پادىشاھلىق تامازاتىغا كۆرسىتىۋاتقان مەزگىلگە كەلدى؛ ماختىنىش-ماختاشلار، قەلب چۈشەندۈرۈشلەر، كىشىلەر ئالىدىدا تېخى ئىسپاتلانمىغان كارامەتلەر توغرىسىدا ھايسىزلارچە لاپ ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى. سۆزلىگۈچىلەر كۆپ بولۇپ، تىڭشىغۇچىلار پەقەت تەلەپكەشلىكتىكى ئىستىدائىتى ۋە مەسئۇلاتى بىلەن تونۇلغان بىر نەچچە يازغۇچىلارلا تەمكىن تىڭشاپ ئولتۇراتتى. مېھمانلاردىن كىمدۇر بىرى، فرانسىيىنىڭ مەشھۇر رېئالىست يازغۇچىسى داۋىدىتىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قالدى. ئارقىدىنلا سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ (قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارىلەرنىڭ) ناممىنى تەخەللۇس قىلىپ ئالغان «ۋېنېرا» ئىسىملىك بىر مېھمان (يازغۇچى) ھاياجان بىلەن «ئەڭ ئاخىرقى دەرس» ھېكايىسى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى سۆزلەپ كەتتى...

«ۋاقتى كەلدى» دېگەن ئىشارىنى بەردى شۆھرەتۋايوف ئابدۇسادىقنى نوقۇپ.

ئۇنىڭسىزمۇ بۇنداق مەشھۇر مۆتىۋەرلەر بىلەن ھەمداستىخان بولۇۋاتقىنىغا ھاياجانلىنىپ، ۋەزىيىتىگە ئالدىراپ تۇرغان ئابدۇسادىق، خۇددى پارات قوبۇل قىلىۋاتقان زەئىسلەردەك ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئورنىدىن تۇردى:

— مۆھتەرەم ئەپەندىلەر! — دېدى ئۇ، نۇتقىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەنتەنىلىك ئاۋازى بىلەن، — مىللەتنىڭ پەخرى، ئىنسانىيەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئىجادكار-ئەدىبلەر! مۇشۇ ئەسىرىمىز ئىچىدە كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز گۈزەل كانىنى قېزىۋاتقان يوشۇرۇن تۇھپىكاردىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟ — ئابدۇسادىق سورۇندىكىلەرگە بىرمۇ-بىر سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. مېھمانلار بولسا بۇ ناتونۇش سورۇنداشنىڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ داھىيانە سۆزلىشىدىنمۇ ياكى ئۇنىڭ جەڭگىۋار نۇتقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر مېھمانلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بېسىقىپ، سورۇن مەيدانى تىمتاس بولۇپ كەتتى. — پىكرى ئالماستىن ئۆتكۈر، نەزەر دائىرىسى ئوكيانلاردەك كەڭ، مەزكۇر ئۇلۇغ زات ئالىيجاناب كەمتەرلىكى بىلەن ھەر قايسىڭىزلارنىڭ نەزەرىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. مىللىتىمىز پەخىرلىنەرلىك بۈيۈك ئەسەر ئۈچۈن غەيرەت-شىجائەت بىلەن ئىشلەۋاتقان شۆھرەتۋايوفقا مەدەت-ئىلھام، ھېسداشلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ، بۈيۈك ئەسىرىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ئاممىباب يۈز كۆرۈشۈش شەرىپىگە چاۋاك چېلىۋېتەيلى! — دېدى ئابدۇسادىق پۈتۈن كۈچى بىلەن چاۋاك ئۇرۇپ.

بىراق يىغىنلاردا ئۈتۈق مەزمۇنىنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي كۆپچىلىككە قوشۇ-
لۇپ چاۋاك چېلىپ ئۆگىنىپ قالغان ئىلىك-
كى مېھمانلا چاۋاك چېلىپ قوشۇلدى. قال-
غانلار بولسا خۇددى يىگىرمە ئالتىنچى
پەيغەمبەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سوروۇنداش
بولۇپ قالغىنىغا ئەجەپلەنگەندەك هاڭ-تاڭ
بولۇپ قالغانىدى.

ئابدۇسادىق خېلى ئۇزۇن چاۋاك چال-
غاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دېگەن مانا
شۇ-دە، پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ۋولقاندىن
بىخەۋەر، پوچاڭزىغا هەيران-هەس بولۇپ قال-
غاندەك، بايا «داۋۇت» دېگىنىڭىزمۇ «ئاۋۇت»
دېدىڭىزلارمۇ ئىشقىلىپ بىزگەخېلىلا تونۇشلۇق...
— قايسى داۋۇتنى دەيسىز؟ — دەپ سو-
رىدى «ۋېنېرا» تەخەللۇسىدىكى مېھمان.
— قايسى داۋۇت بولاتتى «كېيىنكى دەرس» مۇ
نېمە؟ هېلىقى، هە راست، «ئاخىرقى دەرس»
دېگەن رومانىنى يازغان داۋۇتىڭىز، ئۆتكەن-
دە بىزنىڭ شۆھرەتۋايوفنىڭ ئەسىرىنى ئو-
قۇپ ئۆز ئاغزى بىلەن «ئەسەر مۇشۇنداق
بولىدىغان بولسا، مەن بۇندىن كېيىن يېزىشقا
پېتىنالمىغۇدەكمەن» دېدى-دە، بىر يۇتۇم
چايمۇ ئىچمەي تىكىۋەتتى. ئۆز قۇلىقىم بىلەن
ئاڭلىغان تۇرسام ... بۇنىڭغا نېمە دەي-
سىزلەر؟ — ئابدۇسادىق سورۇندىكىلەردىن ئا-
لىي ئېھتىرام كۈتۈپ تۇرغىنىدا تۇيۇقسىز
شارقىراتمىنىڭ ئاۋازىدەك كۈلكە شاۋقۇنى
كۆتۈرۈلدى. «شىكسپىرمۇ كەلگەن بولغىدى
ئەتمالىم...» دېدى بىرى. «پوشكىنمۇ ئە-
مىنىپ بىر نېمىلەرنى سوراپ كېتىۋاتقىنىنى
كۆزۈم بىلەن كۆردۈم» دېدى يەنە بىرى.
«مۇپاسسان ماگىزىنىنىڭ ئىچىگە مۈكۈۋالغا-
نىدى» دېدى يەنە بىرەيلەن تىزىغا شاپ-
لاقلاپ تۇرۇپ كۈلگىنىچە. هەر بىر چاقچاق
ئارىلىقىدا قىقاس-سۈرەن بولۇپ تۇردى.

«تاارس!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ،
قىقاس-سۈرەنلەر قانداق ئۇشتۇمتۇت باش-
لانغان بولسا، شۇنداق ئۇشتۇمتۇت توختىدى.
نېمە سەۋەبتىن مېھمانلارنىڭ كۈلۈشۈپ كەت-
كىنىنى، قانداقتۇر يېقىمسىز ئاۋاز بىلەن
تەڭ، مەيدىدە ئاچچىق بىر سېزىم پەيدا بو-
لۇپ، ۋىلىلداپ ئېچىشىۋاتقىنىنى ئاڭقىرالماي
تۇرغان ئابدۇسادىق، ئەينى ۋاقىتتا كىشى-
لەرنىڭ زاڭىلىقلىرىدىن «قاس» چىقىرىشقا
ئادەتلىنىپ كەتكەن شۆھرەتۋايوفنىڭ سېخى
تەستىكى مەيدىگە مۇكاپات هەدىيە قىلغانلى-
قىنى مۇنۇ سۆزلەردىن كېيىن بىلدى:
— دۆت-كالۋا! داۋۇت دېگەن يازغۇچى روسىيە-
يىلىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ كەلسە-كەلمەس
سۆزلەرنى قىلىپ، كىشىلەر ئالدىدا هاماقەتلىكىڭنى
ئاشكارىلاپ يۈرىدىغان بولساڭ بۇ نۆۋەت
پەشۋانىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويىمەن. تېخىمۇ
يامىنى مەن بىلەن بىللە يۈرۈشتىن مەھرۇم
قالىسەن!» ئۇچىنچى قېتىملىق كۈلكە كۆتۈرۈ-
لۈش ئالدىدا تۇراتتى. كىمدۇر بىرى:
— قانداق ئادالەتسىزلىك-بۇ! هېچ
كۇناهسىز بىرسىگە شۇنداقمۇ قولى ئىتتىك-
لىك قىلغان بارمۇ!؟ — دېدى ئەقەللىي جىس-
مانىي ئەركىنلىكىدىن بەهرىمەن بولالمىغان
ئابدۇسادىققا هېسداشلىق قىلىپ.
— نېمە دەۋاتىسىز، تەقسىر؟ توخۇ دان،
كېسەلگە جان، ئاچ قالغانغا نان قانچە
زۆرۈر بولسا مېنىڭ بۇ بۇرادىرىمگە مۇكا-
پاتىم ئازلىق قىلىدۇ، — دېدى شۆھرەتۋايوف
ئېرەنگىسىزلىك بىلەن.
— مۆھتەرەم ئەزىزلەر، سىزلەر بۇنىڭغا
ئەجەپلەنمىگىزلەر، ئۇلۇغ، ماهارەتلىك ئال-
ىملارنى ئۆز مەيدىدە كۆرۈش، بۇ — مەندەك
ئاددىي كىشىلەر ئۈچۈن ئاز ئۇچرايدىغان



# باشلىق بولسا سىزدەك بولسا...

(ھېكايە)

ھەبىبۇللا ئىلياس

ئېلاخۇن يېڭى كەلگەن باشلىقنىڭ تەرىپىنى باشقىلاردىن جىق ئاڭلىدى. ئولتۇرساقوپسا ئاشۇ باشلىق بىلەن بىر كۆرۈشۈپ نەچچە يىلدىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان دەۋاسىنى بىر ياقلىق قىلىش كويىغا چۈشتى.

ئېلاخۇن ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا ئەتىگەن كېلىپ، خەقنىڭ ئانچە كۆزى چۈشمەيدىغان، ئەمما ئۇتتۇرا ئىشىككە يېقىن جايدا تۇرۇپ ئەھۋالنى كۆزەتتى. كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن ئىشقا كېلىشتى. يېڭى باشلىقمۇ مەزمۇت قەدەملەر بىلەن بىنانىڭ دوقمۇشىدىن ئايلىنىپ كەلدى. ئۇچراشقان كىشىلەر باشلىق بىلەن سالاملاشقىلى تۇردى. بۇ چاغدا ئېلاخۇنمۇ يېقىنراق كېلىپ باشلىققا ئوبدان زەڭ سېلىۋالدى. باشقىلارنىڭ ئەمەل-نامى بىلەن قوشۇپ ئاتاشىرىدىن ئۇ يېڭى باشلىقنى جەزم قىلغانىدى، ئۇ دەرھال ئويلىغان پىلانى بويىچە ئەرزىيەت بۆلۈمىگە قاراپ ئىتتىك يول ئالدى.

— ھە، جۆيلۈپ كەتكەندەك يەنە كېپقاپسەنغۇ! — دېدى ئەمدىلا ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۈستەللەرنى سۈرتۈۋاتقان، تۇرسۇنجان سەل توڭلۇق بىلەن.

— ھەئە، سىزنى باشلىق ئىشخانىسىغا چاقىرىۋاتىدۇ.

— مېنىمۇ؟

— ھەئە، سىزنى، — دېدى ئېلاخۇن چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ. ئېلاخۇن ئەرزىيەت بۆلۈمىنىڭ «كونا مېھمىنى» بولۇپ، تالاي قېتىم ئىشىنى ئاقتۇرالماي چىقىپ كەتكەنىدى. «باشلىق چاقىرىۋاتىدۇ» دېگەننى ئاڭلاپ، تۇرسۇنجان ئارتۇقچە گەپ قىلالمىدى-دە، — ھەل بولمايدىغان ئىشقا تولىمۇ قاتىراپ كەتتىڭلار ئاداش، يۈرۈڭلار! چىقساق چىقىلى، — دېدى. ئېلاخۇن لام-مىم دېمەي ئالدىدا ماڭدى. «باشقا كەلگەننى كۆردۈم» كۈنكىرىت ئىش بېجىرىدىغان ئادەم بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئېلاخۇن ئەرزىيەت بۆلۈم كادىرىنى باشلىقنىڭ ئالدىغا بىللە ئېلىپ كىرىشنى پىلان قىلغانىدى. ئەرزىيەت بۆلۈمى ئۈچ قەۋەتلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ يان تەرىپى-

---

شەرەپكە نائىل بولۇش. ئۇنىڭ چىرايىدىن نە رەنجىش، نە كىشىلىك غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغاندەكى نارازىلىق ئىپادىلەنمىگەنىدىن ئابدۇسادىق ئىپەندىكلەرنى رازى قىلىدىغان مۇكاپات مەزمۇنىنى مېھمانلار بىلىپ ئالدى ۋە شۆھرەتۋايۇفنىڭ كەشپىياتىغىمۇ قايىل بولۇشۇپ، تۇرمۇش بىلىمىنى بېيىتقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇشتى.

دىكى ئىشىكتە ئىدى. بۇلار ئايلىنىپ ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئوتتۇرا ئىشىكىدىن كىرىپ، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى-دە، ئۇدۇل باشلىقنىڭ خانىسىغىلا كىردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم باشلىق، ئەتىگەندە ئۆزلىرىگە ھال ئېيتىپ كەلدىم. — ئېلاخۇن ئىشىكتىن كىرىپلا گەپنى ئۆزى باشلاپ كەتتى.

— كېلىڭ، كېلىڭ بۇ ياقتا ئولتۇرۇڭ. باشلىق ئېلاخۇننىڭ سالىمىنى قىزغىنلىق بىلەن ئىلىك ئېلىپ، ئىش ئۈستىلىگە يېقىن ئورۇننى كۆرسەتتى.

— تۇرسۇنجان، سىزمۇ ئولتۇرۇڭ. گەپ ئاياغلاشقىچە تۇرسۇنجان ئېلاخۇندىن بۇرۇنراق بېرىپ باشلىقنىڭ ئۈستىلىگە يېقىن ئورۇندا ئولتۇرۇۋالدى.

— خوش، مەن ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەۋېرەي.

— ياق ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ.

— باشلىق، مانا بۇ تۇرسۇنجان مېنىڭ ئەھۋالىمنى تازا ئوبدان بىلىدۇ. ئېلاخۇن ئۆز ئەھۋالى توغرىسىدا تولا ھال ئېيتىپ، سۆزنى قانداق باشلاپ، قانداق ئاياغلاشتۇرۇشقا پىشىپ كەتكەنىدى. — مەن ئەسلى ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئىشچىسى ئىدىم. تەشكىل خىزمىتىمگە ئاكتىپلىقىمنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەمگىنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللاپ دېگەندەك مېنى شاگىرت شوپۇرلۇققا چىقاردى. بىر يىل ئىچىدە شوپۇرلۇقنى خېلى ئوبدانلا ئۆگىنىۋالدىم. بىر كۈنى ئۇستام ئاغرىپ قېلىپ، ئۆزۈم يالغۇز يولغا چىقتىم. ماشىنىغا چۈشۈپ بېسىلغانىدى، ئارا يولدا بىرەيلەن ماشىنا توستى. مەن توختىماي ئۆتۈپ كەتتىم. كىم بىلسۇن، ھېلىقى كاززاپ ماشىنىغا ئېسىلىپ چىقىۋاپتىكەن. چىڭ ئولتۇرماي، چوڭراق بىر لاققىغا كەلگەندە ماشىنىنىڭ ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى. ئۇنىڭ بالاسىغا دەن قېلىپ 4 يىللىق قاماققا ئېلىندىم. لېكىن چىشلىمەي ئېلاج بولمىدى. ئۇنى ئاز دەپ، تۈرمىدە تاماق تەقسىم قىلىدىغان ئوغرى مېنى بوزەك ئېتىپ ئاشنىڭ سۈيىنى، ناننىڭ كۆيىكىنى بېرىدىغان بولدى. دەسلەپتە ئۈندىمىدىم، داۋاملىق شۇنداق بولۇۋەرگەندىن كېيىن، «تاماقنى تەكشى بەرسەڭ بولمامدۇ» دەپ قاتتىقراق تەگدىم. ھېلىقى توڭپاي «ئاغزىڭنى يۇم» دېدى-دە، قولىدىكى تۆمۈر ساپلىق بىلەن ئاغزىمغا بىرنى قويدى. ئىككى چىشىم چۈشۈپ كەتتى، ئاغزى-بۇرنۇم قانغا بويالدى. غەزىپىمنى باسالماي قولىدىكى ساپلىقنى قانداق تارتىۋالغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ساپلىق بىلەن كۆچەپ تۇرۇپ مېڭىسىگە بىرنى سالدىم، بېشى يېرىلدى، مېڭىسى قاتتىق زەربە يېگەچكە ئاخىر ئەقلىدىن ئادىشىپ كاردىن چىقتى. «كۆتۈرەلمەسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك يەنە ئالتە يىللىق كەستى. شۇنىڭ بىلەن تۈرمىدە 10 يىل ياتتىم. ئېلاخۇن قاتتىق بىر خۇرسىنىۋالدى. ئۇ باشلىقنىڭ ئۆز سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — تۈرمىدىن چىققان ھامان بىرقانچە يىللاردىن بېرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەرگە نوپۇسۇمنى ئالدۇرالماي قارا نوپۇس بولۇپ يۈرۈپتىمەن، بارمىغان يېرىم، ئىزدىمىگەن باشلىقىم قالمىدى. خېلى-خېلى چوڭ باشلىقلار «سىياسەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ قويۇڭلار» دەپ تەستىق سېلىپمۇ بەردى. تۆۋەندىكى ئىش بېجىرگۈچىلەر «سەن تۈرمىگە بىر ئادەم كىرىپسەن، ھازىر بالىلىق بولۇپ تۆت جان بولۇپسەن، بىر ئادەم بولساڭ نوپۇس ئىشىك ئاسانراق چۈشەتتى، ئالدىرىماي تۇر، كېيىنرەك ئويلىشىپ كۆرەيلى» دېدى.

سەۋر قىلدىم، تاقەت قىلدىم، قايتا-قايتا ئىزدىدىم، ياڭلۇردۇم، ھەتتا ئاچچىقىمغا پايلىماي «نوپۇسقا ئالمىساڭلار جۇڭگو تەۋەسىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىڭلار، كىمنىڭ قېنىم تۆكۈلگەن زېمىنىمغا پاتمىسام چەت ئەلدىن ماكان تۇتاي» دېگەنمۇ بولدۇم، باشلىق بۇنىڭغا خاپا بولمىسىلا، بۇ سۆزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. ئەمما، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىقى يېمىگەننى يېگۈزىدىكەن، دېمىگەننى دېگۈزىدىكەن، ئاۋۋال داۋلىشىلىق كەلدىم، كېيىن داۋالىمىسىزلىقمۇ قىلدىم، خاپا بولدۇم، غەزەپلەندىم. ئەمما غەزەپتىن يېرىلىپ كەتمىدىم. ئويلاپ باقسىلا باشلىق، بىزمۇ خۇدانىڭ بەندىسى، جۇڭگونىڭ پۇقراسىغۇ! جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسامىمۇ ۋەتەن سۆيەر بىر پۇقرامەنغۇ! زېمىن كۆتۈرگەن بۇ تەننى ھۆكۈمەتنىڭ بىر پارچە قەغىزى كۆتۈرەلمەسمۇ!؟ ئېلاخۇن سۆزلەپ قىزىشىپ كەتتى، بوغۇزىغا بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك گاللىرىنىڭ ئىختىيارسىز قىمىرلاپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

— سىزنىڭ تەلەپىڭىز نوپۇسقا ئالدۇرۇش شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق باشلىق، نوپۇسقا ئالدۇرۇش، — ئېلاخۇن كۆڭلىدىكىلەرنى باشلىققا ئېيتىۋېلىشقا ئالدىراپ سۆزىنى ئىتتىك-ئىتتىك داۋام قىلدى، — ئالدۇرغاندىمۇ تۆت جاننىڭ ھەممىسىنى ئالدۇرۇش، بۇ مېنىڭ بىرىنچى تەلىپىم؛ ئىككىنچى تەلىپىم، ئەسلى ئورنۇمغا ئىشقا ئورۇنلىشىپ قالسام.

— يېنىڭىزدا قەغەزلىرىڭىز بارمۇ؟ — باشلىق سەل-پەل ئويلىنىشتىن كېيىن سورىدى. ئېلاخۇن ئالدىراپ-تېنەپ قوينىدىن كىرلىشىپ كەتكەن ياغلىقىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئورالغان بىر تالاي قەغەزنى ئېلىپ باشلىققا سۇنۇش ئۈچۈن ئورنىدىن قوپتى. تەڭلا دېگۈدەك ئورنىدىن قوپقان تۇرسۇنجان ئېلاخۇننىڭ قولىدىكى تۈرلۈك ئىسپات قەغەزلەرنى يۇلۇپ ئالدى-دە، ئىككى قوللاپ باشلىقنىڭ ئۈستىلىگە قويدى. باشلىق ئالدىدىكى ئاللىقانداق خەتلەر يېزىلغان قەغەز پارچىلىرىنى بىر قۇر ئۆرۈپ-چۆرۈپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە «سىياسەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىڭلار»، «نوپۇس مەسىلىسىنى ئويلىشىپ كۆرسەڭلار»، «تۆت جاننى بىراق نوپۇسقا ئېلىشتا قىيىنچىلىق بار» دېگەندەك تەستىق سۆزلىرى توشۇپ كەتكەنىدى.

— بۇ كىشىنىڭ ئېيتقانلىرىنى بۇرۇن ئىگىلىگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى باشلىق تۇرسۇنجانغا قاراپ.

— ئىگىلىگەن.

— ئېيتقانلىرى دۇرۇسمۇ؟

— دۇرۇس.

— بۇ دوكۇمېنتلاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىكەنلىكى ئايان. نېمىشقا ھەل قىلىپ بەرمىدىڭلار؟ تۇرسۇنجان بۇ گەپ يېمەس ئادەمگە باشلىقنىڭ قاتتىقراق تەربىيە بېرىپ قويۇشىنى ئويلاۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ كۈتۈلمىگەن بۇ سوئالدىن سەل تەمتىرەپ قالدى.

— بۇ.... ئېلاخۇنغا جىق چۈشەنچە بەردۇق. ئەمما پوزىتسىيىسى ناچار بولدى، ھاقارەت قىلدى....

— ھاقارەت قىلغان بولسا ھېچقانچە گەپ ئەمەس، باشلىق ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، تۇرسۇنجاننىڭ كېپىنى بۆلۈۋەتتى، — ئۇنىڭدىن باشقىنى قىلسىمۇ ھەقلىق، بىز دۆلەت خادىملىرى خەلقنىڭ چاكىرى، ئەرزىيەت خادىملىرى تېخىمۇ شۇنداق، بىز خەلقنىڭ خىزمەتكارى بولغان ئىكەنمىز، چوقۇم دەردمەننىڭ دەردىگە يېتىشىمىز، ھال ئېيتقانىنىڭ ھالىغا يېتىشىمىز لازىم، سىز

بۈگۈنلا بۇ كىشىنى باشلاپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ ئالدى بىلەن نوپۇسنى ھەل قىلىپ بېرىڭ، نوپۇس مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسلى ئىشلىگەن ئورۇنغا ئېلىپ بېرىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈڭ، مۇۋاپىق ئىش بېرىش كېرەك. ئەگەر، ھەل بولمايدۇ دېيىلسە شۇ كىشىنى ئۇدۇل مېنىڭ ئالدىمغا باشلاپ كېلىڭ، ھەل بولمىدىغانلىقى ئىشنى چوقۇم ئەستايىدىل ھەل قىلىش كېرەك، بىز خەلق بەرگەن ھوقۇقنىڭ قەدرىگە يېتىشىمىز، ھوقۇقنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزگە تەئەللۇق ئىشنى كەم-كۈتسىز ياخشى بېجىرىشىمىز لازىم.

— بۇ كەسكىن جاۋابنى ئاڭلىغان تۇرسۇنجان باشلىقنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى. ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنگەن ئېلاخۇننىڭ بەدەنلىرى خۇشاللىقتىن سەل-پەل تىترەشكە باشلىدى.

— يەنە باشقا تەلىپىڭىزمۇ بارمۇ؟

— ھە... ئېلاخۇن سەل تېنەپ قالدى ۋە شۇئان ئېسىنى يىغىۋالدى، — باشلىق سىزگە كۆپ رەھمەت! ئەگەر مۇمكىن بولسا مېنىڭ خىزمەت ستاژىمنىمۇ ھېسابقا ئېلىنسا!

— بۇ ھەقتە بىرنېمە دېيىش قىيىن، ھەرھالدا تۇرسۇنجان مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت، بەلگىلىمىلەرگە قاراپ بېقىڭلار، ئىلەشكۈدەك يېرى بولمىسا، ئېلاخۇن سىزمۇ خاپا بولماي ئىشنى باشتىن باشلاپ، ھالال ئەمگەك ھېسابىغا باي بولۇڭ، بولامدۇ؟

— رەھمەت باشلىق، رەھمەت! نەچچە يىل قاتراپ يۈرۈپ ئېنىق جاۋابنى بۈگۈن ئاڭلىدىم. سىزگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت! ئىشىم ھەل بولمىغان تەقدىردىمۇ سىزدىن رازى بولۇپ كەتتىم — بىر خىل ساددا ھېسسىياتتىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ سۆزنى ئېلاخۇننىڭ ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

— نوپۇس، خىزمەت ئىشىڭىز ھەل بولىدۇ. سىز ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى ماڭا مەلۇم قىلىشنى ئۇنتۇماڭ! — دېدى باشلىق تۇرسۇنجانغا تاپىلاپ، — ئىشى ھەل بولماي بۇ كىشى يەنە كەلسە سىز جاۋاب بېرىسىز.

— رەھمەت، كۆپ رەھمەت! ئېلاخۇن خۇشاللىقتىن ئۈستى-ئۈستىگە يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتقىلى تۇردى. «ئويلىشىپ باقايلى، بىر ھەپتىدىن كېيىن.... بىر ئايدىن كېيىن كېلىپ بېقىڭ... بۇ مۇرەككەپ ئىشكەن....» دېگەنگە ئوخشاش جاۋابلارنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان تۇرسۇنجان يېڭى باشلىقنىڭ كەسكىن جاۋابىدىن ھەم تىترىقىدى ھەم مەمنۇن بولدى.

— بولىدۇ، نەتىجىسىنى چوقۇم مەلۇم قىلىمەن، — دېدى ئۇ پۈت-قولىغا يېڭى باشتىن جان كىرگەندەك بولۇپ.

— ھەي، باشلىق بولسا سىزدەك بولسا.... كۆز چاناقلىرى نەملەشكەن ئېلاخۇن خوشلىشىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ باشلىققا قول ئۇزاتتى.

# كىشىلىك دۇنيادىكى ئەرۋاھ

(ھېكايە)

**ئەسقەر ئېزىز**

قاقاس تاغ باغرىدىكى بۇ قەبرىستانلىق مانا بۈگۈن يېڭىدىن كەلگەن مېھمىنىنى ئۆز قوينىغا ئالدى. ئۇ ناھايىتى چوڭ مۇراسىم بىلەن ئۇزىتىلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى قەبرىدىن بىرسى قوپۇرۇلدى. مۇڭلۇق قىرائەتلەر ئوقۇلۇپ، ئېچىنىشلىق يىغا-زارلاردىن كېيىن، كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەتتى.

كىشىلەر ئۇنى يەرگە دەپنە قىلىپ كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ يىغىسى يىراق-يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. ئۇ گاھىدا ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باشلىقنىڭ چۈشىگە كىرىپ چىقاتتى. ئۇ يىغىسى ئارقىلىق سۆزلەيتتى. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باشلىق بولسا چۈشىدە ئويغىنىپ كېتىپ يىغلىغۇدەك بولۇپ كېتەتتى. ئۇلار ئەسلىدە يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ھەر جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيتتى. ئەنە قارا، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باشلىقنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئەرۋاھى مېڭىپ يۈرىدۇ. ئۇ قالدۇرغان مىراسىنى ئىزدەمەكتە. تۆت بۇرجەك تام ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەر ئىچىدىن ئاختۇرۇپ كۆرمەكتە:

— ياق، بۇ يەردە ئەمەسكەن. ئاۋۇ يەردىمىكىن!

— زادى قەيەردە؟ ئۇ نەگە قويغانىكىنە؟

— تاپتىم، تاپتىم، ياق ئەمەسكەن، تېز بول،— دەيتتى ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ. ئەنە قارا، ئۇ پەردىلەرنىڭ ئارقىسىغا، كارىۋات ئاستىغا، سىيا قۇتىسى ئىچىگە قارىدى. كىتابلارنى ئۆرۈپ كۆردى. تۇيۇقسىز ئۇ ھۆججەتلەر ئىچىدىن بىر نېمىنى سەزگەندەك بولدى-دە، ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ باشلىقنىڭ چۈشىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆلمىگەن، بەلكى قايتىدىن تۇغۇلغان ئەرۋاھ بىلەن تەن بىرلەشكەنىدى.

ئەنە، باشلىق تۆت بۇرجەك ئىشخانىدا، تۆت بۇرجەك ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ. ئەخلەت سېۋىتى تۆت بۇرجەك ئىدى. ئۈستەل، سىيا قۇتىسى، ماقالە قەغىزى، كىتاب، كرېسلو، تەشتەك، ئىشىك-دېرىزە ھەممىسى تۆت بۇرجەك ئىدى. ھەتتا ئۇ پۇدىگەن تاماكا ئىسىمۇ تۆت بۇرجەك ئىدى. دېمەك ھەممە نەرسە بىر خىللا ئىدى. تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلىپ جىمجىتلىق بۇزۇلدى:

— باشلىق، قول قويۇپ بەرگەن بولسىڭىز!

— ھە، ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بىر كۆرۈپ چىقاي.

باشلىق كۆزەينىكىنى تاقىدى-دە، قولىدىكى قەغەزلەرنى ئوقۇشقا كىرىشتى.

— ھە، ياخشى ئويلاپسىز. يۇقىرىغا دوكلات قىلىپ بېقىپ ئاندىن قول قوياي،— دېدى. چۈنكى يۇقىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندا

خاتالىق ئاز سادىر بولاتتى. تېلېفون كەلدى:

— ئوھوي! ياخشى ئويلاپسىز. بولىدۇ، بولىدۇ. پات-پات دوكلات قىلىپ تۇرۇڭ. شۇنداقلا ئىشلەپ كەتسىڭىز....

ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. كۆزلىرىدە ئاللىقانداق بىر نۇر چاقناپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇنداق سىلىق-سىپايە، چاققان ئىدى.

— ھە، ياخشى ئويلاپسىز. ياخشى، بولىدۇ، ئەمما ماڭا پات-پات دوكلات قىلىپ تۇرۇڭ. مۇشۇنداقلا ئىشلەپ كەتسىڭىز،— دېگەچ تۆت بۇرجەك تارتما ئىچىدىكى ئۇقتۇرۇش، ھۆججەت ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان تامغىنى ئېلىپ بېسىۋەتتى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ خىيالىغا ئورغۇن نەرسىنى كەلتۈرۈشكە ئۈلگۈرگەنىدى. ئۆزىنىڭ بۇنداق ئىشلىشىنى ئالدىنقى باشلىققا ئوخشىتىپ سېلىشتۇرۇپ كۆردى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ئوخشاش ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقانىدى. كەلگۈچى ئۈمىد بىلەن كەلگەن بولسا، ئەمدى ئوڭايسىزلىنىش بىلەن چىقىپ كەتتى.

يەنە نېمە قىلىش كېرەك؟

ئۇ كونا باشلىقتەك ئامال بار سائەتنى توشقۇزۇپ ئولتۇرۇشى، كېزىت ئوقۇشى، بىردەم ئۇ ياق-بۇ ياقلاردا پىتىرلاپ يۈرۈپ ئامىمىنىڭ ھالىغا يېتىپ پىكىر ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ۋاقىت چۈشكە بېرىپ تاقالغاندا، ئادەملەر تەرەپ-تەرەپكە تارقاشقان بولسىمۇ، ئۇ ئىشخانىدا قېلىپ ئەڭ ئاخىرىدا چۈشتى. ئۇ بىر نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپ:

— خۇداغا شۈكرى. يۈزىمنىڭ قەترە شۈكرى،— دەۋەتتى. ئاھ! يىقىلىپ چۈشكەنكە شۈكرى قىلغان نەدە بار ئىدى؟ بۇ شۈكرى ئۇنى يەنە يىقىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالالارمۇ؟

ئۆلگەن باشلىقنىڭ ئەرۋاھى ئۇنىڭ تېنىگە سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ توختىماي پىچىرلايتتى.

— ھە، دۇرۇس ئىشلىدىڭ!

شۇنىدىن كېيىن ئۇ ئۆيىگە كېلىپ تۆت بۇرجەك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاماقنى يېدى. ئۇ يەنە تۆت بۇرجەك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قورۇلتاي ھۆججەتلىرىنى نەچچە بەت ئوقۇماستىنلا بېشىنى تۆت بۇرجەك ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ رېتىملىق خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ روھى قەبرىستانلىقتا باشلىقنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھودۇقۇش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز ئۇ خورەك تارتىشنى توختىتىپ ئاللىنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

ۋاقىت ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋەردى.. ئىشلار بىر خىللا كېتىۋاتاتتى. ئاخىرى چارشەنبە كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. يىغىن زالى ئادەملەر بىلەن لىق تولدى. ئۇنىڭ تېنى ھۆججەتلەرنى ئوقۇدى. كۆنۈك ئاڭلىغۇچىلارنىڭ روھى بولسا ئۆزىدىن ھۆججەتتىكە بوشلۇق ھازىرلاپ لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ جاراڭلىق، ھېسسىياتلىق نۇتقى ئۇ روھلارنى سىرتقى بوشلۇقتىن سۈزۈپ كېلەلمەيتتى. ئاھ! ئۇ مەڭگۈ ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۇنىڭ نەگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. تۆت بۇرجەك ھۆججەتلەر ئوقۇلۇپ بولدى:

— يولداشلار، ھۆججەتمۇ تۈگىدى. ئەمدى قالغان قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئۆزىمىزنىڭ ھۆججەتتىن ئالغان تەسىراتلىرىمىزنى سۆزلەپ باقايلى!

تالاي سۆزلەش، تالاش-تارتىش، ئىنكاس

قىلمشلار زۆرۈرىيىتى بىلەن ئېغىزلار توختىماي تۆت بۇرجەك بولۇپ ئېچىلىپ-يۇمۇلاتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن پىكىر قىلىشتى. ئۇ قانىتىدىن ئايرىلغان قۇشتەك، تىلىدىن ئايرىلغان گاچا ھالىتىدە تەن بېرىپ تۇراتتى. پىتنى-پاسات خاراكتېرىنى ئالغان ھەر خىل كۇسۇلداش، ئىنكاس قىلمشلار ئاخىرى توختىدى. باشلىق «پارتىيە»، «ئىسلاھات»، «ئىتتىپاق قىلىشىش» ئاخىرىدا «كېرەك» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن خۇلاسىلىدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق سۇ كىرمەيدىغان خۇلاسە سۆزلىرى بىلەن يۇقىرى ئابرويغا ئېرىشەتتى. ئۇ ھەممە ئىشنىڭ بېشىدا بار ئاخىرىدا يوق بولۇپ چىقاتتى. ئۇنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق ئىدى. ھېلىقى كەلگۈچى باشلىقنىڭ ئاجايىپ سۆزى بىلەن ئۇن نەچچە يىل ئۈمىد بىلەن ياشىسىمۇ بولاتتى!

بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتكەن كونۇك كىشىلەر كۆرگىلى تىنچىغان ھالدا كۇسۇلدىشىپ تارقاشتى.

قاش قارايغان چاغ ئىدى. قەبرىستانلىقتىكى ھەممە ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ ئەرۋاھى سۆيۈملۈك كىشىلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ چۈشىگە سىڭىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئەرۋاھى باشلىقنىڭ تېنىگە سىڭىپ كەتتى. بىرسى ئۇ دۇنيادىكى ئەرۋاھ، يەنە بىرسى كىشىلىك دۇنيادىكى ئادىمى ئەرۋاھ ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ جىنسى بىر ئىدى. ئاھ! بۇنداق ھىكايات نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ھاياتلىق ئالەم بوشلۇقىدا بىغ تارتىشقا كىرىشكەنىدى. ئەرۋاھلار ئالەمدىكى كىشىلىرىنىڭ چۈشىگە سىڭىپ كىرىش ئۈچۈن ئۇلارمۇ بىر ئامال قىلىپ تىرىشىپ يۈرەتتى. ھېلىقى كەلگۈچى يەنە كەلدى. ئۇ يەنە تۆت بۇرجەك خىزمەت ئۇسلۇبىنى ئىشقا سالدى:

— بىرىنچى قېتىم تىلغا ئالغان كىشى تالانت ئىگىسى، ئىككىنچى قېتىمقىسى ئەخمەق، ئۈچىنچى قېتىم چاكىنا...، — دېگەندەك ئاجايىپ سۆزلەر بىلەن قانداقتۇر بىر خىل ئۈمىد بىلەن قايتتى. ئۇ، بۇ ئىشنى شۇنچە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىنچىكە بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن ئۆزىدە بىر خىل كەيپىياتنى سېزىشكە باشلىدى.

ئەنە قارا، باشلىق تۆت بۇرجەك ئىشكتىن چىقىپ تۆت بۇرجەك ئۆيگە كىردى. تۆت بۇرجەك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ھەممە يەر، ھەممە نەرسە تۆت بۇرجەك ھەم ئۆز جايىدا ئىدى. ئىشلار ئەنە شۇنداق سوزۇلۇپ تۆت بۇرجەك ئىچىگە كىرىپ چىقىش بىلەن ئۆتۈۋەردى. بۇ جەرياندا بىر خىل قېلىپ ئۇنىڭ قېنىغا ئاستا-ئاستا سىڭىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي ئۆزىنى ئۇسلاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئۇخلىدى، چۈشمۇ كۆردى، چۈش ئۇنى سەيلىگە باشلىۋەتتى.

ئۇ ئورنىدىن قوپتى، كۆزى يۇمۇقلۇق ئىدى، ئۇنىڭ تېنى ئۇخلىماقتا ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەرۋاھ ئويغاق ئىدى. ئۇنىڭ ئەرۋاھى يول باشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئويغىنىپ قارايدىغان بولسا بۇ يەرنىڭ بىر قەبرىستانلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەرۋاھ ئۇنىڭغا قەبرە تاشلىرىنى ئادەم قىلىپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ كۆرسىتەتتى. ھەر بىر قەبرە ھەر بىر ئەرۋاھنىڭ ئۆيى ئىدى.

ئاجايىپ بىر دۇنيا، ئەرۋاھلار يوقىتىپ قويغان بەختىنى ئىزدەش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ تەندىكى

چۈشلەرگە بېرىپ تاقىلاتتى. ئۇلار ئوغۇزخان، ئابدۇرىشت خان، مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپىنىڭ... ئۇ تۇقىلىرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ئالقىشلار ياڭرىتىپ ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئالاتتى-دە، ئۇنى دەسمايە قىلىپ چۈشلىرىگە قەدەملىرىنى سۆرىگىنىچە كىرىپ كېتەتتى. ئەنە قارا، ئۇ بىر توپ ئەرۋاھ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى. ئەمەلىيەتتە قۇچاقلىغىنى قەبرە تاشلىرى ئىدى، ئۇ ئۇخلاق ھالەتتە تىرىك ئىدى. قەدىناس بۇرادىرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ ياخشى سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇلار يەر شارىدا ئەنە شۇنداق كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ يەر، بۇ يەردىن ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلەتتى. ئۆتكەن نەرسىلەرنى يەر ئاستىدىن كولاپ چىقىرىپ تەنتەنە قىلاتتى. ئەتە نېمىنى تەنتەنە قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويمايتتى.

لېكىن باشقا ياقتىكى قەبرىستانلىقتا ئەرۋاھلارمۇ ئىزدىنەتتى. ئالدىنقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى تولدۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئۇلار قاياقتىندۇر تېرىپ كەلگەن راكېتا سۇنۇقلىرىنى قۇراشتۇرۇپ قەدىمىي تاشقى پىلانېتىغا يەتكەنىدى.

ئەمما ئۇ تىرىك تۇرۇپ ئەرۋاھلاردەك تىنماي ماڭاتتى، مېڭىپ ھارمايتتى. ئۇزاق مېڭىش، ئۇ ماشەلەردىن كېيىن قەدىمىنى ئۆيگە كەلگەندە توختاتتى. ئۇ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ تىنماي سۆزلەيتتى. بىز چۈش ئېيتساۋۇر نېمىدىندۇر دېرەك بېرەتتى.

ئۇ قەبرىستانلىقتا چىقتى. دادىسىغا ئاتاپ ئايەت ئوقۇدى. ئاندىن ئۆلگەن بۇرادىرىگىمۇ ئوقۇماقچى بولدى. زومچەك-زومچەك قەبرىلەر ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئاغزىلىرى مىدىرلايتتى. بەزىلەرنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى. ھۆڭرەپ يىغلاشلار، زومچەك قەبرىلەر ئۈستىگە ئۇششاق تاشلارنى تىزىشلار، كېلىپ-كېتىپ يۈرگەنلەر قەبرىستانلىقنى بىر ئالغانىدى. ئۇلارمۇ ئالدىراش تۇسىنى ئالغانىدى. قەبرىدىكى ئەرۋاھلار توۋلىشاتتى:

— تېز، تېز، بولۇڭلار!

ھەربىر قەبرە بىر بوشلۇق بولسا ئۇنى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەنلەر ئۇلارنىڭ ئۇمىدى، يەنى ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن بوشلۇقنى تولدۇرغۇچى ئىدى. قىزىق، قەبرىستانلىقتىكى دىۋانىلەر سەدىقە ئارقىلىق باشقىلارنىڭ بالا-قازاسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. قايتقان كىشىلەرنى ئەرۋاھلار:

— خاتىرجەم بول، خاتىرجەم بول،— دەپ ئۇزىتاتتى. ئۇ بۇرادىرىگە ئاتاپ ئايەت ئوقۇدى:

... ئېي، خۇدا، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگەيسەن، ياتقان يېرى جەننەت بولغاي!— دېدى. ئەرۋاھ بويىنىدا قاچاندۇر بىر چاغ ئېسىۋالغان تۇمارى، باشلىقىنىڭ ھەقىقىي ئۆز ئەسلى تۇراتتى. قاياقتىندۇر بىر ئاۋاز چاقىراتتى:

— تېز، تېز بول. قايتىپ كەل!

# ئىككى نەسىر

## قەلبىم قەسىردىكى ساھىپجامال

### نىياز ئىمىن قۇربانى

دوستۇم، تەقدىرنىڭ نېمە ئۈچۈن ماڭا مۇنداق رەھىمسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەمسەن؟ تەقدىر قىسمەتلىرى تۈپەيلىدىن ھاياتلىق شامىنىڭ ئۆچۈپ قېلىش گىردابىغا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسەن؟ ياق! گەرچە بۇ ئىچكى ئازابنىڭ شاھىدى بولغان مىسكىن ھالىتىم ياشاش يولىدا تەقدىرنىڭ ماڭا كەلتۈرگەن ئاشۇ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن قىلىپ كۆرسىتىپ بەرسىمۇ، لېكىن بۇنى سەن ئادەتتىكى ئەھۋال دەپ چۈشىنىپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

مېنىڭ قەلبىمگە خۇدا ئىشقتىن ئىبارەت بىر نۇرلۇق چولپاننى ياندۇرغان. ئۇ ۋۇجۇدۇمغا جان، تېنىمگە قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر يەنىلا شۇ ئىشىق تۈپەيلى مەن تۈرلۈك قىسمەتلەرگە دۇچار بولىمەن. كېچىلىرى كىرپىك قاقماي تۈننى تاڭغا ئۇلايدىغان ۋاقىتلىرىم ئاز ئەمەس. كۈندۈزلىرى ئۇ مېنى ئۆز مەقسىتى يولىدا تىنىم تاپماي مىدىرلاشقا زورلايدۇ. ئاداققى نەپەسىمگىچە شۇ مەقسەتتە ھەرىكەت قىلساممۇ، لېكىن يەنىلا «ئۇھ» دېگەن بىر ھاردۇق سۆزى ئاغزىمدىن چىقمايدۇ. يول يىراق، ئات ئورۇق بولسىمۇ، لېكىن بىر غايىبى كۈچ ۋۇجۇدۇمغا جاسارەت بەخش ئېتىدۇ. بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ بۇ — ئۈمىد.

دوستۇم، ئۈمىد — بۇ چېكى يوق تىلسىم، ھاياتلىقتا مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان بىر ساھىپجامال قىز. ئۇ ماڭا بەكمۇ ۋاپادارلىق قىلىدۇ، ئەڭ جاپالىق ۋە ئېغىر كۈنلەردە ھالىمغا يېتىدۇ. ئۇ سوغۇقتىن مۇزلاپ ئىمجانلىقتا يۈزلەنگەن ۋۇجۇدۇمنى كۈچلۈك ھارارىتى بىلەن ئىللىتىدۇ، تومۇزدا تەشنالىقتىن چاڭقىغان قەلبىمنى ياشارتىدۇ. قىسقىسى، بۇ ئۈمىد ئاتلىق ساھىپجامال ئىشقىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ماماتنى يېڭىپ، ھاياتنى تەنتەنە قىلدۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەن تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيمەن.

دوستۇم، ئەمدى مەن ساڭا دېيىدىغان گېپىمنى تۈگەللىگىنىمدە، ئادالەتسىزلىك، كۆرەلمەسلىك... قىسقىسى، يىرگىنىشلىك پەسكەش ئىللەتلەر ئاق كۆڭۈل ئادەملەر قەلبىگە بىھۇدە جاراھەتتىن ئۆچمەس ئىزلارنى سېلىپ كېتىدىغان بۇ مۇرەككەپ ھايات ماجرالىرىدىن تولىمۇ بىزار بولىمەن. مەن ئاشۇلارنى ئويلىغىنىمدا بەكمۇ ئازابلىنىمەن. دەل مۇشۇنداق پەيتتە ئۈمىد ئاتلىق ساھىپجامال مېنىڭ دەردىمگە داۋا، رەنجىمگە شىپا بولىدۇ ـ دە، كۆڭلۈمنى يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن تولغان تەسەللىلىرى ئاۋۇندۇرۇپ، مېنى كەلگۈسىگە ئىنتىلدۈرىدۇ. ھاياتنىڭ خەتەرلىك داۋانلىرىدىن خۇددى بۈركۈتتەك ھالقىپ ئۆتۈشكە ئۈندەيدۇ.

# سۆيگۈ

## مۇكاپاتلىق مۇسابىقىغە قوبۇل قىلىنغان شېئىرلار

### قۇربان ئىمىن

سۆيگۈدىن ئىنسانىيەت تاپتى راۋاج،
سۆيگۈ كىيدۈردى يىگىت - قىزلارغا تاج.
تۇغۇلدى سۆيگۈدىن نەپرەت - مۇھەببەت،
ئۇنىڭ مىزانىدۇركى خەلققە مەنپەئەت.
ئۆزىنى خەلق بەختى قۇربانى بىلمىش،
دانىشمەن كىشىدە بولۇشقا تېگىش!
كىملەرگە مۇھەببەت، كىملەرگە نەپرەت—
بىلدۈرۈش ھەر ئاقىل ئۈچۈن زور خىسلەت.
خىيانەت، شەخسىيەت نەپرەتكە لايىق،
ئىتتىپاقلىق قەدىرلەشكە مۇۋاپىق.
سۆيگۈدىن ئالدى يورۇقلۇق ئائىلە،
مەھسۇلى پەرزەنتلىرىدىن خاتىرە.

ئەل - ۋەتەن مېھنەت، ئىلىم-پەن سۆيگۈسى،
كىشىلەرنىڭ بەخت - سائادەت كۆزگۈسى.
چاپتى كەتمەن سۆيگۈدىن باتۇر بىلەك،
قوغدىدى ياۋدىن ۋەتەننى ئوت يۈرەك.
كاڭ قەلەم تەرۋەتتى شائىر سۆيگۈدىن،
پارلىغان ئۇشبۇ ھەقىقەت سەزگۈدىن.
ياخشى سۆيگۈ يازنىڭ سىماسىدۇر،
كۈلكىسى - مەقسىتىنىڭ ئىمزاسىدۇر.
ئۆزۈڭدىن ئۆزگىنى ئەلا بىل مەڭگۈ،
قەلبىڭدە بولسا شۇ ئۇلۇغۋار سۆيگۈ.
كۆرەشتە بەختىڭنى شەكسىز تاپىسەن،
سۆيگۈنىڭ كانىدىن گۆھەر ئالىسەن.

### ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

خوش ئىپار كېيىكتەك ھەر كۈن تاڭ سەھەر،
ئاھۇدەك كۆزۈڭگە تىزىپ ئىللىق ياش.
دوختۇرغا كېلىسەن مېنى دەپ دىلبەر،
سىغىنغان قەلبىڭنى قىلىپ سەن قۇياش.

ناشتىلىق يېمەستىن سېنى كۈتەرمەن،
ئېچىققان ئاشىقتەك بالكۇندىن قاراپ.
خىيالەن لېۋىڭگە لېۋىم ئۆپەرمەن،
تىترىگەن قولۇمدا چېچىڭنى تاراپ.

---

### قەلبىمگە خىتاب

مەن كېتىپ بارىمەن. بۈيۈك مەنزىلگە ئۇچۇپ كېتىپ بارىمەن. مېنى ئېلىپ كېتىۋاتقىنى ئىككىنلا قولۇۋاق ئەمەس، بەلكى قارشى قىرغاقتىكى ئۇلۇغ ئەجدادلىرىم تەرىپىدىن بىزگە قالدۇرۇلغان تاش پۈتۈكلەرگە نەقىشلەنگەن بۈيۈك تارىخنىڭ ھەقلىق گۇۋاھچىلىرىغا بولغان ئوتلۇق تەلپۈنۈش ۋە ئامراقلىق. ئەجدادلارنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن ئۆچمەس ھەقىقەت نۇرى. «ئاھ!...»

تۇرۇپلا ئويلىنىپ قالدىم. مېنى ئېلىپ كېتىۋاتقىنى ئاشۇلار بولسا، مېنىڭ كېيىن- كىملەرنى ئەھلىيا قىلغۇدەك نېمەم بار؟... مەن پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنىڭ نومۇس ۋە ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن.

ئاھ، ئەيلەي! باغرىمغا پاتماس بۇ يۈرەك،
ئۇرالە قەدرىڭگە چۈشكەندە نەزەر.
قەرىنلەر ئۆتسىمۇ تۈنجى كۆرگەندەك،
ئاتەشىن ھېسلىرىم ساڭا تەلپۈنەر،
كۈن چىقتى مەن سۆيگەن مەڭزىڭدەك گويا،
ئانارنىڭ سۈيىدە چايقالدى جاھان.
قوشۇلدى كەۋدىمىز ئاشۇ بالكۇندا،
لەۋلەشكەن كاللېپۇكلار، كىرپىكلەرسىمان.

## ئابلىكىم خېۋىر

بۇ ئاددىي ۋە قوپال قوشۇلۇش پەقەت،
بىزلەرنى زورمۇ-زور جۈپلىدى تەقدىر.
گويا يولدا ياتقان مۇشتۇمچە تاشنى،
ئانار نوتىسىغا ئۇلىدى تەقدىر.
كۆككە ئىنتىلىدۇ نوتا ئۆسكىلى،
ئىنتىلەر چۈشكىلى يەر ئۈستىگە تاش.
تەقدىر ئۆز بىلمىدىن، يېشىپ پۈتىنى،
باغلىدى بىزنى چىڭ، بەرمىدى ئاياش.
ياز كەتتى، كۈز كەلدى نوتىدىن بىخ يوق،
نازلىق تەبىئەتتىن كەتتى شوخلۇقلار.
ھەي، ئىسىت بىر ئېسىل گۈل ئاچماسىمىدى،
يوقالسا نوتىغا كەلگەن زورلۇقلار؟!
مۆجىزە يۈز بەردى سوغۇق بىر تاڭدا،
نوتىدا ئېچىلدى بىر جۈپ گۈل ئاخىر.
شۇنچىلىك زىبايۇ، شۇنچىلىك نەپىس،
ھەرتال گۈل گويا بىر قان تولغان غەدىر.
ئېرىقلار مۇز تۇتتى قۇشلار بولدى لال،
گۈللەرنىڭ يۈزىدىن ئۆپچەكتە قىزىل.
تاشتەك ئىككى مېۋە كۆرسەتتى گۈللەر،
ئانارغا ئوخشىماس مىڭ قىلساڭ تەمىل.
مېۋىلەر پىشقاندا يا ئانار بولار،
ۋە ياكى تاش بۇلار كۇتۇڭلار، تەقسىر.
بۇنداق قوشۇلۇشنى زورلۇق دەيمىزمۇ؟
كىتابخان، بەرگەيسىز ئالىي بىر تەبىر.
بىزنىڭ سىرىمىزمۇ بىر دۇنيا چۆچەك،
ئۇنى بىلەر پەقەت ئىككىلا يۈرەك.
رومانتىك سۆيگۈ دەپ قىلمايمىز دەۋا،
سۆزلىسەك تۈگمەس بىر ياخشى چۈشتەك.

## ئابدۇللا سۇلايمان

ئىنسانمەن، قەدرىم پەقەت ئىنسانلىقتا،
تاغ، دەريا، گۈل بولۇشنى خالىمايمەن.
ئۆتمىگەچ تەركى دۇنيا، ئىشانلىقتا،
تەقدىرگە تەن بەرمەيمەن، نالىمايمەن.
تۇتاشتۇر تەبىئەتكە قەلب رىشتىم،
ئالەمەن بۇ زېمىندىن ئۆزگىچە زوق.
سۆيگۈدىن پۈتكەن. مەزمۇت قامەت-بەستىم،
ئۈمىد ۋە ئارزۇيۇمدا ساختىلىق يوق.
ئىنسانمەن، گۈل-گىيانى سۆيمەكلىكىم،
خازاندىن بىخ يارغىنى ئۆچۈن ئۇنىڭ.
ئىنسانمەن، تىنىك چوققىغا كۆيمەكلىكىم،
يۈكسەكلىك، شاھىدلىقى پۈتۈن ئۇنىڭ.
دەرياغا، كەڭ دېڭىزغا ئامراقلىقىم،
ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرى تۈپەيلىدىن.
بار ئۇندا مېنىڭ ئويغاق، ياڭراقلىقىم.
قايتمايدۇ خۇددى مەندەك ئۆز پەيلىدىن.
شۇ دولقۇن بىلەن قەلبىم ساداسىنىڭ،
بىر ھالقاسىمان بىرلىك-چىگىشى بار.
ئادەمدەك ياشاش ئارزۇ جاكاسىنىڭ،
كۈلدىمۇ روشەن ئەكس ئېنىشى بار.
تاغ، دەريا، گىيا بىلەن قوشىكېزەكمەن،
تۇردۇ. بىزنى سۆيگۈ ئايرىپ، چېتىپ.
سۆيگۈنىڭ سارايدا كېزەمەكمەن.
سۆيىمەن تەبىئەتنى باغاش ئېتىپ.

## مۇھەممەت سەئىدى مۇھەممەت قاسىم

نەۋباھاردەك گۈزەللىكىڭدىن،
ئۆرخەك ئېلىپ ھۆركۈيدۇ ۋېنىاس.
گۈل بېغىڭدا ياشلىقىم ھالاك،
مەجنۇنلارغا قىلى مېنى قىياس.
سۆيگۈ بىلەن مەن گويا شەمشاد،
گەر ئايرىلسام بولىمەن جاڭگال.
ھەر سۆيۈشۈڭ مەن ئۈچۈن بىر توي،
شېرىن سۆزۈڭ پۈركۈيدۇ قەن - بال.

قانار ئىككەن ئىنسان زەمزەمگە،
پاك سۆيگۈگە ئۆتەركەن قانماي.
بىر ئەسىرچە سۆيۈشۈپ يەنە،
سۆيگۈ چۈشەر بوۋاي ۋە موماي.
گەر مەن ئۆلسەم سۆيگۈ ناخشىسى،
ماتەم كۈيۈم بولۇپ ياڭرىسۇن.
سۆيگۈ ئاتلىق قەبرىگە مېنى،
كۆمۈڭ، لېكىن يايرىم قالمىسۇن!

## تۇرغۇن ئۇبۇلقاسىم

مەن سېنى سۆيمىدىم، سۆيمەيمەن ئەبەد،
تۇزىقىڭدىن تۇرسەن ماڭا كۆيگەندەك.
شۇ ئۈچۈن ھەردائىم ھەمراھ ماڭا دەرد،
ۋەلېكىن ئەپتىڭ يوق مېنى سۆيگەندەك.

تۇزىقىڭدىن تۇرسەن ماڭا كۆيگەندەك،
كۆيگەندەك ھەر كۈنى سەن ماڭا مېھمان.
ھېسلىرىم بولغاچقا كۆدەك، بەك كۆدەك،
ئالدايسەن سەن مېنى، ئالدايسەن ئاسان.

كۆيگەندەك ھەركۈنى سەن ماڭا مېھمان،
سەن ئۈچۈن پايخاندۇر تاپقىنىم، نەرسەم.
ئەركىلەپ خانەمنى ئاختۇرۇپ ھامان،
ئالسەن، ئالسەن نېمەڭ بولسا كەم.

سەن ئۈچۈن پايخاندۇر تاپقىنىم، نەرسەم،
قەدرىمنى بىلەمسەن، بىلمەمسەن تېخى!
بۇ ئايان، پۇراي دەپ گۈللەرنى تەرسەم،
ئۇ سېنىڭ، ئۇ سېنىڭ...
ھەتتاكى شېخى!...

قەدرىمنى بىلەمسەن، بىلمەمسەن تېخى،
بۇ ماڭا نامەلۇم، بىلىدۇ خۇدا!
چۈشىنىپ قالغانسەن،
مەن شۇنداق سېخى،
كېلىسەن، كېلىسەن، كۈتمەن ئۇدا...

بۇ ماڭا نامەلۇم، بىلىدۇ خۇدا،
ناخشامدىن رەنجىمەسەن، ئالامسەن لەززەت؟
مەن سەندىن، سەن مەندىن بولمىدۇق جۇدا،
ئېيتقىن بۇ قانداقچە سۆيگۈ - مۇھەببەت؟

ناخشامدىن رەنجىمەسەن، ئالامسەن لەززەت،
يىغلامسەن، كۈلەمسەن بەرىبىر ماڭا.
مەن سېنى سۆيمىدىم، سۆيمەيمەن ئەبەت،
بىلەمسەن، بارلىقىم تەئەللۇق ساڭا...

سەن غەمسىز، لېكىن مەن چېكىمەن ھەسرەت،
ئېيتقىن، بۇ قانداقچە سۆيگۈ - مۇھەببەت؟

## ئازات ئابدۇللا

تىرىكمەنكى كۆزۈمدە سۆيگۈ،
تىرىكمەنكى سۆزۈمدە سۆيگۈ.
تىرىكمەنكى ئويۇمدا سۆيگۈ،
تىرىكمەنكى يولۇمدا سۆيگۈ.
تىرىكمەنكى قېنىمدا سۆيگۈ،
تىرىكمەنكى جېنىمدا سۆيگۈ.

سۆيگۈ بىلەن تۇغۇلغان بىزلەر،
سۆيگۈ بىلەن ئېچىلغان كۆزلەر.
سۆيگۈ بىلەن قىزارغان يۈزلەر،
سۆيگۈ بىلەن بەختىيار كۈنلەر،
تىرىكمەنكى قېنىمدا سۆيگۈ،
تىرىكمەنكى جېنىمدا سۆيگۈ.

سۆيگۈ ئۈچۈن مېھرىمدۇر ئوكيان،
سۆيگۈ ئۈچۈن قەلبىمدۇر ئاسمان.
سۆيگۈ ئۈچۈن يۈرىكىم گۈلخان،
سۆيگۈ ئۈچۈن كۆتۈرۈلەر ئىسيان.
تىرىكمەنكى قېنىمدا سۆيگۈ،
تىرىكمەنكى جېنىمدا سۆيگۈ.

سۆيگۈ بىلەن ۋۇجۇدۇم كۆدەك،
سۆيگۈ بىلەن ياشايمەن گۈلدەك.
سۆيگۈ بىلەن يۈرىكىم چوغدەك،
سۆيگۈ بىلەن تۇغۇلدۇم كېزەك.
تىرىكمەنكى قېنىمدا سۆيگۈ،
تىرىكمەنكى جېنىمدا سۆيگۈ.

## تەلئەت قادىرى

باققانىدىم، يۇلتۇزمىكىن دەپ ئويلاپ،
قارچۇقۇمدا يېنىۋاتقان ئۇچقۇنغا.
ئالدى سۆيگۈك قورشاۋىغا بىتۇيۇق،
مەن ئايلاندىم قەلبىمدىكى تۇتقۇنغا.

نەدىن بىلەي بولۇشىنى ئۇ ئوتنىڭ
سېنىڭ سۆيگۈ قوشۇنىڭنىڭ مەشئىلى.
بولۇپ قالدىڭ شۇندىن بېرى سەن ئۆزۈڭ،
ھاياتىمنىڭ مەبۇدىسى — ھەيكىلى.

قانچە بەخت!
بولۇش سۆيگۈك تۇتقۇنى،
ھەتتا بولۇش سېنىڭ ئۈچۈن بىر قۇلمۇ،
چۈنكى، ھەرگىز زارلانمىغاي قەپەزدىن،
ياسالسا گەر قەپەز گۈلدىن،
بۇلبۇلمۇ.

شۇندىن بېرى بولدى قەلبىڭ ماكانىم،
مەن مۇھەببەت قوشۇنىڭنىڭ تۇتقۇنى،
قىپ قويمىسۇن بىراق تۇتقۇن سېنىمۇ،
قەلبىمدىكى ئۇچقۇن —
سۆيگۈ يالقۇنى.

## راخمانجان رۇسۇل

ئەي نىگار سۆيگۈل مېنى دەردىڭگە دەرمانىڭ بولاي،
دىل بېرىپ دىل سۆيگۈچى ئامراق ۋاپادارىڭ بولاي.

كۆز تىكىپ ۋەھشىي مىيەت ئالدامچىلار قەست ئەيلىسە،
جان بىلەن ئاسراپ سېنى كۆكسۈمدە قالقانىڭ بولاي.

ساپ تېرىم ـ ئەجرىم بىلەن ئاقلاپ سېنىڭ شەرتىڭنى مەن،
باغ ياساپ ئۇ باغ ئارا مەڭگۈگە جانانىڭ بولاي.

كۈچ ئېلىپ چىن سۆيگۈنىڭ راھەت بەخش ئىلھامىدىن،
مىڭ جاپا ـ كۈلپەتنى ھەم يەڭگۈچى مەردانىڭ بولاي.

تۇغۇلۇپ ئالەم ئارا چىن سۆيگۈنىڭ مەردانىسى،
پاك نىيەت، پاك سۆيگۈدە بىر تەندە بىر جانىڭ بولاي.

### ئابلىكىم ھوسەيىن

قىزچاق، سېنىڭ مەغرۇر كۆزلىرىڭ
يەلكىنىمچۈن مۇقەددەس دېگىنىز.
قارچۇقىڭدا ئەكسىلەنسەم يار
ئۆكسەر سۆيگۈم، چاقناندەك چايان
ئۇ شۇنداق نۇرسىز، ئاھ! شۇنداق گۆككە
قاپلىغاندەك دېگىزلى مانان.
سۆيەمەن-يۇ، (سېزىپ تۇرىمەن)
لىۋىڭ گويا، گويا تىترەرلار...

قۇياش پارلاپ يىراق قىرغاقتا
سۆيگۈم بىلەن ئۇتۇق تالىشا...
دار.

كۆكسۈڭنى ئۇرغىن نۇرغا
سىرغىدىمسۇن مەگزىڭگە كۆز ياش.
تۇنلىرىڭدە چەكمە ھەم ئازاب،
بىر جۇپ كۆزۈم سەنچۈن قىيا تاش...

### مۇختار ئابدۇقادىر

قۇچىقىمدا قاقاقلاپ كۈلگەن،
يىراقلاردا قالدى ئۆتمۈشۈم.
خوشمۇ دېمەي ئۇزاتتى بىۋاپ،
ئەجرىلىرىم تۇغقان كەچمىشىم.

ياش سۆيگۈمنىڭ ئەركە پەردىسى،
سەيلە قىلىپ يۈرىدۇ قايان.
چاقچىقىمنى قىلماس يولتۇزۇم،
ھازىسىنى باشلىدى قاچان.

دالىدىكى چىمەن ئۈستىدە،
قالدى تۇنجى ۋىسال مىنۇتى.

چۈشلىرىمنى قىلار پەرىشان،
جۇدالىقنىڭ پىنھان ئوقلىرى.
سەكراتقا چۈشتى پاك سۆيگۈ،
ئاھ ئالدىنىپ نازۇك ئەقىدەم.
سۆيمە ئەمدى، سۆيمە باغرى تاش،
شۇنچە ئىكەن سۆيگۈ نېسىۋەم.

ھەسرىتىمدىن قاتۇراي قەبرە،
سۆيگۈم قۇربان بولسا مۇبادا.
گۈل چەمبىرەك ياساپ يېشىمدىن،
چېچەۋېتەي ئۇنى ساماغا!

### گۈلسۇم ھەيدەر

سۆيگۈ ئۇ، تەڭداشسىز كۈچلۈك بىر قۇدرەت،
سۆيگۈدىن بۇ ۋەتەن قۇدرەت تاپقۇسى.
سۆيگەچكە ئېلىمنى، بىلىمنى ئىنسان،
كائىنات سىرىنى ھەردەم ئاچقۇسى.

سۆيگۈ ئۇ، ئاجايىپ شېرىن بىر لەززەت،
ۋە لېكىن بۇ لەززەت دەقىقە ئەمەس.
سۆيگۈ ئۇ كۆڭۈلنىڭ قۇياشى ئەسلى،
چاقنىتىش بەك گۈزەل شۇنچە مۇقەددەس.

سۆيگۈ ئۇ، ئىنساننىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى،
شۇ ئۈمىد پەللىگە باشلايدۇ سېنى.

سۆيگۈدىن تۆرەلگەن سېنىڭ بۇ جىسمىڭ،
نە ئۈچۈن سۆيمىسۇن ئىنسان بەختىنى؟

سۆيگۈدىن كۆكلەيدۇ تاغۇ-جەزىرە،
سۆيگۈدىن ياشنايدۇ گۈزەل تەبىئەت.
سۆيگۈدىن بۇ بارلىق مۇجەسسەم تۇرۇر،
سۆيگۈسىز ھاياتلىق گۇللىمەس پەقەت.

سۆيگۈسىز دۇنيادا ياشاش نە ھاجەت،
سۆيگىن سەن ئىنسانىنى — ئىنسان بەختىنى.
تىرىشقىن، چېلىشقىن ئىنسان بەختىچۈن،
شۇندىلا تاپىسەن ئۇلۇغ سۆيگۈنى.

(نەسىر)

## ئەخمەتجان ياسىن

سۆيگۈ — ھارارەتى چەكسىز قۇياش، ئۇنىڭ نۇرىدىن تەبىئەت دۇنياسى يورۇيدۇ. قۇدرىتىدىن ھاياتلىق نوزۇق ئېلىپ جانلىنىدۇ.

سۆيگۈ — زۇلمەت ئىدىل قاراڭغۇلۇقىنى يورىتىدۇ.

ئەنە، دېھقان مۇنبەت كەڭ ئېتىزنى، چەۋەر چوپان يېشىل يايلاق دېڭىزنى.
باغۋەن بېغىنى، مالچى ئېغىلنى، سازچى سازىنى، ئۇسۇلچى نازىنى سۆيىدۇ.

ئەنە، ياپيېشىل مەخمەلدىن لىباس كىيگەندەك كىيىپ، ئىككى قولىدىغا گۈللەر قىسىپ خۇددى پەرىلەردەك ياسانغان ئانا يۇرتىنىڭ باغلىرى سۆيگۈدىن بىزنى «قېنى، مەرھەمەت!» دەپ ئۆز قوينىغا چىللايدۇ.

ئەنە، مىليونلىغان كۆمۈش باش ئاتەش يۈرەكلەردە ئەۋلاد سۆيگۈسى! بىزنىڭ ئەل شۇنداق سۆيگۈگە ئامراق، سۆيگۈگە تەشنا. سۆيگۈنى قەدىرلەيدۇ ۋە ئەزىزلەيدۇ.

ئەنە، مىليونلاپ ياش ئەۋلاد قەلبىدە ئاتا-ئانا، يۇرت سۆيگۈسى!

ئەنە، بىھېساب ئالىم، تەتقىقاتچى يۈرىكىدە ئىلىم-پەن سۆيگۈسى!

ئەنە، بىر جۈپ غۇبارسىز يىگىت-قىزنىڭ سېھىرلىك كۆزلىرىدە سۆيگۈ! ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قاراشلىرىدىن (ئوتلۇق تەلپۈنۈشلىرى ۋە سېغىنىشلىرىدىن) كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى نامايان.

دوستۇم، بىر پارچە ئاق قەغەزگە چېكىلگەن گۈلدە، كىمخاپقا چۈشۈرۈلگەن نەقىشتە، نەپىس توقۇلغان گۈللۈك گىلەمدە... سۆيگۈ مېھرىنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى چاقناپ تۇرىدۇ.

شائىرلارنىڭ نەزمىسى، ئالىملارنىڭ تەپەككۇرىدا سۆيگۈ، باغۋەنىنىڭ قەلبىدە ھەم سۆيگۈ!

سۆيگۈ — ئىنسانىيەتنى يېڭى، گۈزەل ئېقىمى پارلاق سۆيگۈگە يېتەكلەيدۇ.

سۆيگۈ — يوقلۇقنى مەۋجۇت قىلغۇچى، لازىمسىز مەۋجۇدىيەتنى ھەم يوق قىلغۇچىدۇر.

سۆيگۈسىز كۆڭۈل — چۆل.

ئەنە، رادىئودا سۆيگۈ ناخشىسى — ناخشىلارنىڭ ياخشىسى. نېمە كېرەك بىزگە بۇ ياڭراق سۆيگۈ ناخشىسىدىن باشقىسى؟

سۆيگۈ — ھاياتنىڭ ئىنسانىيەت دۆلىتى!

سۆيگۈ — بەخت، سۆيگۈ — يېڭى ھايات!

ئۇ، دولقۇنلۇق سۆيگۈ دەرياسى، ئۆركەشلە مەڭگۈ!

# شىنفىڭ يېزىسىدىكى غەلىتە ۋەقە

(ھېكايە)

جاك داۋىز　　　سۇلايمان ئابدۇل تەرجىمىسى

شىنفىڭ يېزىسىدا ليۇسەيشۇاڭ ئىسىملىك بىر كېلىنشەكەن چوكان بولۇپ، ئۇنىڭ مىجەزى خۇشخۇي، تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا، ئېرى بىلەنمۇ ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتى، شۇڭا ئۇ يېزىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ۋە ماختىشىغا ئېرىشكەنىدى. بىراق يېقىندا بۇ چوكان توغرۇلۇق «غەلىتە» خەۋەر تارقالدى.

بۇ ئەسلى مۇنداق ئىش ئىدى. بىر كۈنى ليۇسەيشۇاڭنىڭ ئېرى ئوۋياڭچۈن دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ يېزا دوختۇرى پىڭتاۋنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ يامغۇر ئۆتىدىغان جايلىرىنى ئوڭشاپ بېرىۋاتاتتى. تۇساتتىن ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، خۇددى چېلەكتە سۇ قۇيغاندەك قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ. پىڭتاۋ ئوۋياڭچۈننى دەرھال ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن، دەل شۇ پەيتتە ئۆگزىگە ئاسماندىن چاقماق چۈشكەندەك بولدى-دە، ئوۋياڭچۈن ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغىنىچە ئۆگزىدىن يەرگە دومىلاپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭغا چاقماق تەگمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئېگىز يەردىن يىقىلىپ چۈشكەنلىكتىن ھوشىدىن كېتىدۇ. پىڭتاۋ ئوۋياڭچۈننى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ. دوختۇرلار بارلىق ئىمكانىيىتىنى ئىشلىتىپ ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى قاتتىق زەخىملەنگەنلىكتىن، بەدىنى ھېچقانداق سېزىمنى ھېس قىلالمايدىغان، ئەقلى تەپەككۇردىن ئايرىلغان پارالىچ بولۇپ قالىدۇ.

ئوۋياڭچۈننىڭ كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچرىغانلىق خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن يېزىغا تارقىلىدۇ. يېزىدىكىلەر «ئەمدى ئوۋياڭچۈننىڭ مورىسىدىن قانداق ئىس چىقاركىن» دەپ ئەندىشە قىلىشىدۇ. ئەسلىدە ئوۋياڭچۈننىڭ ئاتىسى دۈمچەك، ئاپىسى پالەچ ئىدى. بەزىلەر «ئەمدى ليۇسەيشۇاڭغا ئوخشاش ياش، پاكىز چوكاننىڭ بىر دۈمچەك، بىر پالەچ، بىر ھاڭۋاقتى پارالىچ ئەر بىلەن بىر ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرەرمۇ؟» دەپ غۇلغۇلا قىلىشسا، يەنە بەزىلەر «ئەگەر بۇ كېلىننىڭ ۋىجدانى بولسا ئۈچ ئاي، ئەگەر مۇنداقراق بولسا ھازىرلا خېتىنى ئالىدۇ»، «ئەگەر ئۇ راستىنلا خېتىنى ئالسا، بۇ ئۆيدىكى ئۈچ مېيىپ ئادەم قانداق تۇرمۇش كەچۈرەر؟» دېيىشىدۇ.

ئەمما ئىش كىشىلەر ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمايدۇ. ليۇسەيشۇاڭ بىر يىلدىن بۇيان پارالىچ ئېرى ۋە دۈمچەك قېيىن ئاتىسى، پالەچ قېيىن ئاپىسىنىڭ ھالىدىن ناھايىتى ياخشى خەۋەر ئالىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ قىلچە زارلانمايدۇ. يېزىدىكىلەر بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ «ليۇسەيشۇاڭ ئۆزىمۇ گۈزەل، ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ گۈزەل ئىكەن. بىز ليۇسەيشۇاڭنىڭ مۇنداق ۋىجدانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىكەنمىز» دەپ ماختىشىدۇ.

دادۇيىنىڭ ئاياللار مۇدىرى ئاخىۋا بۇ ئىشنى چىڭ تۇتۇپ ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ

چىققانلىدىن كېيىن يېزىلىق ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە يوللايدۇ. شۇ يىلى لىۋسەيشۇاڭ كەنت بويىچە «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» ئاكتىپى، يېزا بويىچە «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى»، ناھىيە بويىچە «بەشتە ياخشى ئائىلە» بولۇپ تەقدىرلىنىدۇ. ئىككىنچى يىلى ئۇنىڭ ماتېرىيالى شەھەرگە يوللىنىپ، ئۇنىڭغا «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» دەپ نام بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ كەنتىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىدۇ. سەيشۇاڭنىڭ ئىش ئىزلىرى بىر مەزگىل گېزىت - رادىئولاردا ئامىغا تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ داڭقى ھەممە يەرگە تارقىلىپ كېتىدۇ. شۇغىنىسى، لىۋسەيشۇاڭ شۇنچە كۆپ تەقدىرنامە، لەۋھەلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا خۇشال بولۇش ئورنىغا، ئەكسىچە كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە بۇندىن كېيىن مۇنداق مۇكاپاتلاش - تەقدىرلەش يىغىنلىرىغا بارمايمەن، دەپ قەسەم قىلىدۇ.

بىر كۈنى ئاياللار مۇدىرى ئاخۇا سەيشۇاڭنى شەھەرگە «بەشتە ياخشى ئائىلە» ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىغا بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. لىۋسەيشۇاڭ: — مېنىڭ سۆزلەيدىغان سۆزۈم يوق. مەن بارمايمەن، — دەپ رەت قىلىدۇ. بىراق ئاياللار مۇدىرى بۇنىڭغا يول قويىدۇ دەمسىز.

— بۇ تەقدىرلەش - مۇكاپاتلاش يىغىنى ئەمەس. سەن بۇنىڭدىن قورقما. سۆھبەت يىغىنىدا سەن سۆز قىلماي ئولتۇر. باشقىلار سۆزلەيدۇ ئەمەسمۇ؟ يەنە كېلىپ شەھەرگە بېرىش پۇرسىتىمۇ ئاسان كەلمەيدۇ. يىغىنغا قاتناشقاچ بازاردىن ئۆيگە لازىمەتلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالساڭمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئاياللار مۇدىرى ئاخۇا ئاخىرى لىۋسەيشۇاڭنى كۆندۈرۈپ يىغىنغا ئاپاردى. يىغىن زالىغا كىرگەندە رەئىس سەھنىسى ئۈستىگە «شەھەرلىك «8 - مارت بايراقدارلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى» دەپ ئۇزۇنسىغا لوزۇنكا ئېسىلغانىدى. لىۋسەيشۇاڭ يىغىننىڭ مۇكاپاتلاش يىغىنى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭدى. بىراق ئاياللار مۇدىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— مەن سېنى بۇ يىغىنغا ھەقىقەتەن ئالداپ ئېلىپ كەلدىم. ئەمما سەن ھەددىدىن زىيادە كەمتەرلىكمۇ قىلما. ئېلىشقا تېگىشلىك مۇكاپاتنى ئېلىشىڭ كېرەك، — دەيدۇ. لېكىن بۇ گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيدۇ. يىغىندا نېمىنى سۆزلەۋاتىدۇ، ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدى. تۇيۇقسىز «لىۋسەيشۇاڭ» دېگەن ئىسىم ئېلان قىلىنىدى. ئۇ رەئىس سەھنىسىگە قاراپ ماڭماي، ئارقىغا بۇرۇلۇپ سىرتقا ماڭدى. ئۇ ناھايىتى تېز چامداپ يىغىن زالىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئاياللار مۇدىرى:

— سەيشۇاڭ! سەيشۇاڭ! قايتىپ كەلگىن، شەھەر رەھبەرلىرى مۇكاپات تارقىتىۋاتىدۇ، بۇ ئويۇنچىدىغان ئىش ئەمەس! - دەپ توۋلىغىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭىدۇ. لېكىن لىۋسەيشۇاڭ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆيگە قايتىدىغان ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ.

ئاياللار مۇدىرى شۇ ئاچچىقىدا كېيىنكى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، ئۇدۇل لىۋسەيشۇاڭنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ تۇرۇپلا قالىدۇ. ئاق كۆڭۈل لىۋسەيشۇاڭ پارالىچ ئېرىنى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ ناھايىتى مۇشكۇلدە ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى سۈرتۈپ يۇيۇۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئاياللار مۇدىرىنىڭ ئاچچىقىمۇ يېنىپ، بۇچىرايلىق، ياش، جاپاكەش چوكانغا تولىمۇ ئېچىنىدۇ. لىۋسەيشۇاڭ ئېرىنى يۇيۇپ بولۇپ، داستىكى سۇنى تۆككىلى تالاغا چىققاندا ئاياللار مۇدىرى ئۇنىڭ

بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ:

— سەيشۇاڭ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ شەھەر باشلىقلىرى مۇكاپات بېرىۋاتسا، سەن ئۇنى ئالماي، ئەكسىچە قاچىسەن؟ ئۇ يەر سوت مەيدانى بولمىسا، — دەپ مۇلايىم سورىدى.

ليۇسەيشۇاڭ ئۆزىنى سەل تۇختىتىۋېلىپ:

— ئاخۇا ھەدە، مېنىڭ مۇشۇنداق جاپا تارتىپ بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىگە قارىشىم، باشلىقلارنىڭ ئاشۇ بايرىقىنى ئېلىش ئۈچۈنمۇ؟ — دېدى.

— بۇ ...، — ئاخۇا ھەدە دەرھال بىر نەرسە دېيەلمەي سەل تۇرۇۋېلىپ، — ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس، سەن ۋىجدانلىق بىر ئايال ... ليۇسەيشۇاڭ ئۇنىڭ گېپىنى تۈگىمەيلا:

— ئاخۇا ھەدە، سىز مېنى ۋىجدانلىق ئايال دېمەڭ، مېنىڭ ھازىر بويۇمدا بار ... — دەپ سالدى.

— ھە! — ئاخۇا ھەدە بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈگىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. يەنە ئۇ قۇلىقىغا ئىشەنمەي قايتىلاپ سورىدى:

— سەن راستىلا قورساق كۆتۈردۈڭمۇ؟ — ليۇسەيشۇاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئاخۇا ھەدە بۇنىڭغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەي:

— ليۇسەيشۇاڭ، بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، سەن راست گەپ قىل، — دەپ يەنە سورىدى.

ليۇسەيشۇاڭ خىجىل بولغانلىقىدىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن:

— مەن چاقچاق قىلمىدىم، ھازىر ئۈچ ئايلىق بولدى، — دېدى. ئاخۇا ليۇسەيشۇاڭنىڭ جىددىي ئېيتقىنىغا قاراپ ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى-دە، تولىمۇ ئېچىنغان ھالدا بېشىنى چايقاپ:

— سەيشۇاڭ، ھەي سەيشۇاڭ، زەھەبەرلىك سېنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، كەنت، يېزا بويىچە تىپ قىلىپ تۇتۇۋاتسا، ناھىيە، شەھەردە ئۈلگە قىلىپ تىكلەۋاتسا، يەنە كېلىپ كۆپچىلىك سېنىڭ شىنفىڭ يېزىسىغا يېڭى تۆھپىلەر يارىتىشىڭنى كۈتۈۋاتسا، سەن نېمىشقىمۇ ئازغىنسەن؟ نېمىشقىمۇ بىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىزنى دەپسەندە قىلىدىغان ئىشنى قىلغىنسەن؟ — دەپ قايناپلا كەتتى. ليۇسەيشۇاڭ جاۋۇردىكى يۈزىنى غەزەپ بىلەن تۈكۈۋېتىپ، قەددىنى رۇسلاپ:

— ئاخۇا ھەدە، سىز مېنى مۇنداق ئەيىپلىمەڭ. سىزمۇ ئايال كىشىغۇ؟ بىز ئايال كىشىگە ئەر بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى سىز ئەلۋەتتە ئۇقۇشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ؟ سىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئېرىڭىز بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ كۆڭلىڭىزنى خوش قىلالايسىزغۇ؟ بىراق مەنچۇ؟ مېنىڭ ئېرىم ياغاچ ئادەمدىن پەرقلەنمەسە. مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن، ياقتۇرغان، ماڭا مېھرى-مۇھەببەت قويغان، ئۆزۈم ئېھتىياجلىق بولغان بىر ئەر كىشى تاپسام بولمامدىكەن؟! — دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى. ئاخۇا ھەدە ليۇسەيشۇاڭنىڭ مۇنداق سۆزلىرىنى ئەيمەنمەستىن دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر ھازا گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى.

— بولدى، بولدى. قۇرۇق گەپنى قويۇپ، راست گەپنى دېگىن. بۇ بالىنىڭ ئاتىسى زادى كىم؟

— ئاخۇا ھەدە، سىز بۇنى سۈرۈشتۈرمەيلا قويۇڭ، ئىشقىلىپ مەن ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىنىڭ بالىسى. ئەگەر بۇ ئىش توغرۇلۇق جازالاش زۆرۈر بولسا مېنى جازالىساڭلار بولىدۇ، — دېدى-دە، گۈس-گۈس دەسسىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئاخۇا ھەدە ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ ناھايىتى كۆپ ئويلاندى. «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىزنىڭ شىنفىڭ يېزا، يۇقىرىنىڭ ماختىشى ۋە ئەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ كەلگەنىدى. ئەمدى بۇ غەلىتە ۋەقە يۈز بەردى. بۇ ئىش بىزنى رەسۋا قىلمامدۇ؟ بىز كادىرلارنىڭ يۈزىنى

يەركە قاراتمامدۇ؟ ياق! ئۇ ئائەھلىنى چوقۇم
ئېنىقلاش كېرەك. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەنـ
دىن كېيىن سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى - دە،
كەتتىكى ئەر كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالـ
دىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئەمما ھېچقايـ
سىسىدىن گۇمان قىلالمىدى. «ئۇنداقتا
ليۇسەيشۇاڭنىڭ قورسىقىدىكى بالا زادى كىمـ
نىڭدۇ؟» ئۇ بىر قارارغا كېلەلمەي ئاخىرى
دادۇي پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارىنىڭ ئۆيىگە
بارماقچى بولدى. دەل شۇ پەيتتە سىرتتىن
بىرسىنىڭ:
— ئاخۇا ھەدە، ئاخۇا ھەدە! — دەپ چاـ
قىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاخۇاھەدە ئىشـ
ىكنى ئېچىۋىدى، كەنت دوختۇرى پىڭتاۋ
كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر نەرسە دېيىشكە تەمـ
شەلدى - يۇ، لېكىن سۆزلىيەلمىدى. ئاخۇاھەدە:
— نېمە بولدى؟ كېپىلىك بولسا ئېيتىۋەر، —
دەپ ئۇنى ئۆزىگە باشلىدى. پىڭتاۋ ئۆيگە
كىرىپ ناھايىتى تەسلىكتە ئېغىز ئاچتى:
— ئاخۇا ھەدە، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا
گۇناھىمنى تونۇي دەپ كېلىۋىدىم. — ئاخۇا
ھەدە بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:
— سەن كەتمىسىزدە ناھايىتى ياخشى خىزـ
مەت قىلىۋاتىسەنغۇ، بىرەر چاتاق چىقتىمۇ؟ —
دېدى.
— ... ليۇسەيشۇاڭنىڭ...
— نېمە؟ بۇ ئىشنى سەنمۇ بىلىپ بولدۇڭمۇ؟
پىڭتاۋ دۇدۇقلاپ:
— بۇ... بۇ بالا مېنىڭ ئىدى، — دېدى.
ئاخۇا ھەدە بۇ گەپنى ئاڭلاپ:
— نېمە! ليۇسەيشۇاڭنىڭ قورسىقىدىكى
بالا... — دېدى. پىڭتاۋ بېشىنى لىڭشىتتى.
— سەن بالا تېرىدېسەنغۇ! ليۇسەيشۇاڭ ھازىر
شەھىرىمىزنىڭ ئىلغار تىپى تۇرسا، سەن ئۇنىڭ
بىلەن مۇنداق بولەمغۇر. ئەخمەقانە ئىشنى
قىلماك ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق! — ئىمانى
قىرىق كەز ئۇچقان ئاخۇاھەدە ۋارقىراپ كەتتى.
— ئاخۇا ھەدە، سىز ئاچچىقىڭىزنى بېسـ
ۋېلىڭ، مۇنداق قىلىشىڭ توغرا ئەمەسلىكىـ
نى مەنمۇ بىلىمەن، لېكىن بۇنىڭغا نېمە ئامال
يار، شۇنىڭ بىلەن پىڭتاۋ بۇ غەلىتە ۋەقەنى
ئۇنىڭغا يېپىتىن - يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردى.
ئوۋيايچۈن بالا - قازاغا ئۇچراپ مېيىپ
بولغاندىن كېيىن، پىڭتاۋنىڭ كۆڭلى بىئارام
بولۇپ چېۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالىدۇ.
بۇ دەسلەپتە ئوۋيايچۈننىڭ كېسىلىنى ساقايـ
تىشقا ئىرادە باغلايدۇ ھەمدە ليۇسەيشۇاڭ بىلەن
مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن
پارچە ئامال - چارىلەرنى قىلىدۇ. ھەتتا يىـ
رىم جۇڭگونى ئايلىنىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا
نەچچە مىڭ يۈەن پۇلىنى تۆكىتىپ بولغان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېسىلى ساقايمايدۇ.
ئوۋيايچۈننىڭ دومچەك ئاتىسى ئۆز بالىسى
ئۈچۈن پىڭتاۋنىڭ مۇنچىۋالا ھەرەج تارتقانـ
لىقىنى، بىراق ئۇنۇمى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ:
— پىڭتاۋ بالام، سەن ئەمدى بىھۇدە
ئاۋارە بولما، سېنىڭ پاك ئادىمگەرچىلىكىڭ
بىزگە تېگىمل بولدى، ساڭا كۆپ رەھمەت، — دەپ
تەشەككۈر ئېيتىدۇ. ئەمما پىڭتاۋ ئۆزىنى بۇ
ئائىلىگە قەرزداردەك ھېس قىلاتتى. شۇڭلاشقا
پىڭتاۋ بىر ياقتىن ئوۋيايچۈننى داۋالاپ،
يەنە بىر ياقتىن ئوۋيايچۈن قىلىشقا تېگىشـ
لىك بولغان ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى، مال
بېقىش، نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشتەك ئىشلارـ
نىڭ ھەممىسىنى قىلىشىپ بېرىدۇ. ۋاقىت ئۇزارـ
غانسېرى، بۇ ئۆيدىكى كىشىلەر پىڭتاۋغا رەھـ
مەت ئېيتقاندىن سىرت، يەنە بەزى ئاخشامـ
لىرى ئۇنى تاماققا تۇتۇپ قالىدىغان بولىدى.
بىر كۈنى كەچلىكى پىڭتاۋ ليۇسەيشۇاڭغا
ئوتتۇن يېرىپ بېرىپ ئەمدى قايتاي دەپ
تۇرۇشىغا دومچەك بوۋاي:
— پىڭتاۋ، بۈگۈن چارخورازنى ئۆلتۈرـ

دۇق، ليۇسەيشۇاڭ توخۇ پەشۇرۇۋاتىدۇ. سەن
كەچلىك تاماقنى مۇشۇ يەردە يېگىن، — دەپ
تۇتۇپ قالىدۇ.

تاماق ئۈستىدە ليۇسەيشۇاڭ بىلەن دۇمە-
چەك بوۋاي پىڭتاۋغا بىر نەچچە رومكا هاراق-
نى خۇش كەتتى قىلىپ ئىچكۈزۈۋېتىدۇ.
پىڭتاۋ ئەسلى هاراق ئىچمەيدىغان بولغاچقا،
ئۇ ئاسانلا مەست بولۇپ قالىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغانغىنىدا، ئۆزىنىڭ
ليۇسەيشۇاڭنىڭ كارۋىتىدا ياتقانلىقىنى بىلىپ
قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. «بۇ قانداق بولغىنى-
نى، ليۇسەيشۇاڭ ئاغىنەمنىڭ خوتۇنى تۇرسا،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇۋياكچۇن ماڭا ياردەم
قىلىپ ئۆيىمنى ياساش ئۈستىدە مېيىپ بول-
غان تۇرسا، مەن قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئايا-
لى ياتىدىغان كارىۋاتتا يېتىپ قالغاندىمەن؟
ئەگەر بۇ ئىشنى باشقىلار ئۇقۇپ قالسا
نېمە دېگەن سەتچىلىك! مەن ئەمدى يۈزۈمنى
قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن» دېگەنلەرنى
خىيال قىلىدىن ئۆتكۈزگەن پىڭتاۋ دەرهال تالاغا
قاراپ ماڭىدۇ. بۇ چاغدا ليۇسەيشۇاڭ كىيىمنى
يېڭىلا ئالماشتۇرغان سايە ئاستىدا ياتاتتى. ئەسلى ئۇخلىمىغان
بولۇپ، ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرىدۇ. بۇنى
كۆرگەن پىڭتاۋ دەرهال:

— ليۇسەيشۇاڭ، خاپا بولماڭ، مەن هاراق-
نى كۆپ ئىچىپ، ئەس-هوشۇمنى يوقىتىپ،
سىزنىڭ هۇجرىڭىزغا كىرىپ كارىۋىتىڭىزدا
يېتىپ قاپتىمەن. بۇنى كەچۈرگەيسىز، — دەپ
ئەپۇ سورايدۇ. ليۇسەيشۇاڭ ئۇنىڭ چۈشەندۈ-
رۈشلىرىگە پەرۋا قىلماي:

— بۇنىڭغا ئەپۇ سوراشنىڭ هاجىتى يوق،
سىز هاراقنى سەل كۆپ ئىچكەنلىكتىن مەست
بولۇپ قالدىڭىز، شۇڭلاشقا مەن سىزنى هۇج-
رامغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويغان، — دەيدۇ.
بۇنى ئاڭلىغان پىڭتاۋنىڭ يۈزى قىزىرىپ،
قايتا-قايتا رەهمەت ئېيتىپ سىرتقا ماڭىدۇ.

ئەمما ليۇسەيشۇاڭ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:
— سىزنىڭ مەستلىكىڭىز تېخى ئەمدىلا يېشىل-
دى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېرىم كېچە بولۇپ
قالدى، سەل ئارام ئېلىڭ. كېيىن مەن
سىزنى ئاپىرىپ قويىمەن، — دېدى-دە،
پىڭتاۋنىڭ قولىدىن تارتىپ سافاغا ئولتۇر-
غۇزدى. ليۇسەيشۇاڭ پىڭتاۋنىڭ مەستلىكتە
قىزىرىپ كەتكەن بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزىگە
قاراپ:

— پىڭتاۋ، سىزنىڭ ئايالىڭىز ئاكۇادەدە
بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئۈستىخان كالتىسيلىشىش
كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندىن تارتىپ بەل
تۈۋىنى ئەزالىرىنىڭ سەزگۈلۈكىنى يوقىتىپ
هازىرغىچە پالەچ ياتىدىغۇ؟ بىز ئىككىمىزنىڭ
تەقدىرى ئوخشاش، شۇنداقمۇ
پىڭتاۋ؟ — دەيدۇ.

— هەئە، شۇنداق، — دەپ پىڭتاۋ
ليۇسەيشۇاڭنىڭ قوي كۆزلىرىگە تىكىلىپ
قارايدۇ. سەيشۇاڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان
ئۆزىنىڭ ئايالىغا خاس هېسسىياتىنى بېسىپ
كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈن كېچە
ئۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئۇ كۆڭلىدىكى
كېپىنى پىڭتاۋغا ئوچۇق-ئاشكارا دەپ تاشلايدۇ:
— سىز مېنىڭ ئىنتىزار بولغان كۆڭلۈمنى
تېخى بىلمىدىڭىزمۇ؟ ياكى سىزگە ئايال كىشى-
نىڭ زۆرۈرىيىتى يوقمۇ؟ بۇ مەنىلىك سۆزلەر
پىڭتاۋنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىۋەتتى ۋە
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل قايناق ئىسسىق
ئېقىم پەيدا بولغاندەك بولۇپ، ئاستا كۆزىنى
يۇمۇۋالدى. پىڭتاۋنىڭ بۇ خىل روهىي
كەيپىياتىنى كۆرگەن ليۇسەيشۇاڭ خۇددى
غۇلاپ چۈشكەن دەرەختەك ئۇنىڭ قويىنىغا
ئۆزىنى تاشلىۋەتتى...

ئاخىرى هەدە ۋەقەلىكنى ئاڭلىغانىدىن كېيىن
بۇ ئىككى ياشقا هېسداشلىق قىلغۇسى كەلدى،
ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ دۆلەت كادىرى ئىكەنلى-

كىنى ئويلاپ:

— بۇ ئىشقا سىلەرنىڭ قانداق باھانە-سەۋەب كۆرسىتىشىڭلاردىن قەتئىي نەزەر، شىنىڭ يېزىدىسىدا بۇنداق ناشايان ئىشقا ھەركىز يول قويۇلمايدۇ. مەن قايتىپ بېرىپ تەكشۈرۈش يېزىپ، قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىزنى كۈتكىن، — دېدى.

پىكتاۋ ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىكتىن بىرەيلەن ئالدىراش كىردى-دە، كەپ-سۆز قىلمايلا ئاخۇا ھەدىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى. ئۇ يىغلىغان ھالدا:

— ئاخۇا سىڭلىم، ئەگەر بۇ ئىشتا بىرسىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرا كەلسە پىكتاۋنى ئەمەس، مېنى جازالاڭ، — دېدى. بۇ كىشى باشقا بىرسى ئەمەس، دەل ليۇسەيشۇاڭنىڭ دۈمچەك قېيىن ئاتىسى ئىدى.

— بۇ سىزنىڭ نېمە دېگىنىڭىز؟ بۇ ئەخمەقانە ئىشنى ئۇلار قىلغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن سىزنى بىر تەرەپ قىلىمىز؟

بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتى بىز ئەر-خوتۇن ئىككىمىزدە. بىز بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ھەم ئۇلارنى مەقسەتلىك تېپىشتۇرۇپمۇ قويغان، — دېدى دۈمچەك بوۋاي.

— تازىمۇ قاملاشمىغان ئىشقۇ بۇ! سىز ياشىنىپ قالغان ئادەم تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىمەنە ئىش قىلدىڭىز؟ — دەپ قايناپ كەتتى ئاخۇا ھەدە.

بوۋاي كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ:

— ئاخۇا سىڭلىم، سىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، كەنتىمىزدىكى كىشىلەر ئۆيلىرىگە كېلىن ئەكىلىپ، نەۋرە كۆرۈپ ئۈچ ئەۋلادلىق بولۇپ بىللە ياشاۋاتىدۇ. مېنىڭ ئوغلۇم بولغان بىلەن ئۇ كېرەككە كەلمىسە، كېلىنىم بولغان بىلەن ئۇ ماڭا نەۋرە تۇغۇپ بېرەلمىسە، كېلىنىم بىزگە قارايمەن دەپ سىرتقا ياتلىق بولمىسا، قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن ئويغۇمدىمۇ، چۈشۈمدىمۇ نەۋرە كۆرۈشنى ئويلاپ ساراڭ بولاي دەپ قالدىم. شۇڭلاشقا مەن ئۇلارغا يول قويدۇم. شارائىت يارىتىپ بەردىم. ھازىر ليۇسەيشۇاڭ ئىككىقات، مېنىڭ نەۋرە كۆرۈشۈمدە ئۈمىد بار. ئەگەر سىلەر ئۇ ئىككىسىنى جازالىساڭلار، مەن ئۇلارغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن؟ ئاخۇا سىڭلىم، سىز ئوبدان ئويلاپ كۆرۈڭ. مېنىڭ يېشىم بىر يەرگە باردى، سالامەتلىكىممۇ ياخشى ئەمەس، مېنىڭ مۇشۇنداق قىلماي نېمە ئامالىم بار؟ — دەپ بوۋاي يىغلاپ تاشلىدى.

ئاخۇا ھەدە بوۋاينىڭ يۈرەك سۆزىنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ بېرىپ بوۋاينى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— سىز قايتىپ كېتىڭ، بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى مەن ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرەي، — دەپ تۇرۇشىغا سىرتتىن بىرسى كىرىپ:

— پىكتاۋنىڭ ئايالى ئاكۇا ۋارقىراپ-چىقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيدى، ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن، — دەپ خەۋەر قىلدى. ئاخۇا ھەدە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىشنىڭ مۇرەككەپلەشكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ كۆڭلىدە «ئاكۇا بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ پىكتاۋ ئۈستىدىن ئەرز قىلسا كېرەك» دەپ ئويلاپ پىكتاۋنىڭ ئۆيىگە باردى.

ئاكۇا ئاخۇا ھەدىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ئاخۇا ھەدە، مەن مېيىپ بولغانلىقىم ئۈچۈن يەرگە چۈشۈپ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تىزلىنالمايمەن. سىز بىر ئامال قىلىپ پىكتاۋ بىلەن ليۇسەيشۇاڭنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭ، ئۇلارغا چارە كۆرمەڭلار، سىز بۇ ئىشتا! ماڭا يار-يۆلەك بولۇڭ! — دەپ يالۋۇردى.

— ئاكۇا، نېمە تەلەپىڭىز بولسا ئېيتىۋېرىڭ.

پىڭتاۋ سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئەسكى ئىش قىلمىدىڭىز، سىز مۇشۇنى دېمەكچىمۇ؟ — دېدى ئاخۇا ھەدە.

— ياق! پىڭتاۋ ماڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلغىنى يوق. بۇ ئەككىسىنىڭ ئىشىدا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بار. پىڭتاۋغا مۇشۇ مەسلىھەتنى مەن بەرگەن.

— بۇ غەلىتە ئىشنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېدى ئاخۇا ھەدە قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، — ئاگۇا، سىز راستىن سۆزلەۋاتامسىز ياكى خاپىلىقتا ئېيتىپ قالدىڭىزمۇ؟ ئېرىڭىز پىڭتاۋ ئۇجمە كۆكۈللۈك قىلىپ يۈرسە سىز يەنە...

ئاگۇا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن:

— ئاخۇا ھەدە، سىزنىڭ ھەممە نەرسىڭىز تولۇق بولغاچقا، ھېچقانداق غەم - ئەندىشىڭىز يوق. ئېرىڭىز بولسا كۈندە دېگۈدەك سىزدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەمما مېنىڭ ئېرىم پىڭتاۋ بولسا ماڭا ئوخشاش يېرىم ئۆلۈك ئايال بىلەن بىللە بولغاچقا،... بىراق ئۇ مېنىڭدىن ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلالمىسىمۇ مېنى يەكلىمەي، ياتقان كۆرمەي، تا ھازىرغىچە مېنى ياخشى كۆرۈپ ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقى تاغدىن ئېگىز، دېڭىزدىن چوڭقۇر. شۇنداق تۇرۇپ مەن ئۇنى قانداقمۇ «خوتۇنى بار بويتاق» قىلىپ قويىمەن.

ئاگۇانىڭ بۇ سۆزلىرى ئاخۇا ھەدىنىڭ باغرىنى راستىنلا يۇمشاتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ ئىشنى سىككىرتارغا قانداقمۇ دەرمەن. بۇ بىر تاماشايان ئىش، ئىشنىڭ جەريانى ناھايىتى تەبىئىي. ئەمما بۇنى ئەخلاقى بۇزۇلغان دېيىشكە بولامدۇ؟ بۇ گەپلەر سىرتقا تارقىلىپ كەتسە ئىشىمىزنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. ئۇ ۋاقىتتا يېزىمىزنىڭ شەرەپلىك نامىغا داغ چۈشىدۇ. ئۇنداقتا بىز كادىرلار كۆپچىلىككە قانداق جاۋاب قىلالايمىز. بولغۇلۇق بولۇپ بوپتۇ. ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر ئەپچىل چارە تېپىش كېرەك» دەپ پىچىرلىدى. ئاخۇا ھەدە ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ليۇسەيشۇاڭغا خىزمەت ئىشلەپ بالىنى ئالغۇزۇۋەتمەكچى بولدى. بۇنداق قىلغاندا بۇ ئىشنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ. بۇ ئىككى ئۆيگە خىزمەت ئىشلەپ، ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قالسام، بىز يەنىلا ئىلغارلىقىمىزنى ساقلاپ قالىمىز، دېگەن قارارغا كېلىپ ليۇسەيشۇاڭنى ئىزدەپ ماڭدى.

ئاخۇا ھەدە ليۇسەيشۇاڭنىڭ قورۇسىغا كىرىپ ئىشىك بوسۇغىسىدا ئەدىمىنى توختاتتى. ئۆي ئىچىدە سەيشۇاڭ خۇددى كىچىك بالىنى باققاندەك ئۇۋياكچۇنگە تاماق يېگۈزۈۋاتاتتى. بىردەم - بىردەم ئۇۋياكچۇننىڭ ئېغىز ئەتراپىدىكى شۆلگەيلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى. بۇنداق ئەمەلىي كۆرۈنۈشنى كۆرگەن ھەرقانداق تاش يۈرەك ئادەممۇ بۇنىڭدىن تەسىرلەنمەي تۇرالمايتتى. سەيشۇاڭ ئېرىگە تاماق بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاخۇا ھەدە ئۇنى قورۇغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتتى، ئەمما سەيشۇاڭ بۇنىڭغا كۆنمىدى. ئۇ:

— مېنىڭ بالىنى ئالغۇزۇۋېتىدىغان ئويۇم بولغان بولسا پىڭتاۋ بىلەنمۇ ياخشى بولمىغان بولاتتىم. مەن بىر ئايال كىشى، مېنىڭ بالا تۇغۇپ پەرزەنت كۆرۈش ھوقۇقۇم بار. مەن ياكى ئۈچ - تۆتنى تۇغقان ئايال بولمىسام. مەن بۇ يىل 27 ياشقا كىردىم، سىلەرنىڭ بالاڭنى ئالغۇزۇۋەت دەيدىغان نېمە ھوقۇقۇڭلار بار، — دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئاخۇا ھەدە ئاچچىقىدا غالىلداپ تىترەپ كەتتى:

— ھەي، مەن سېنى خاتا تونۇپ قاپتىمەن.

بىكاردىن تېپ قىلىپ تۇتۇپتىمەن. سەن مەندىن يۈز ئۆرسەڭمۇ مەيلى، ئەمما ئاشۇ ئۆيۈڭدىكى تەقدىرنامە ۋە قىزىل بايراقلارغا يۈز كېلەلمەسەن، — دەپ ۋالاقلاپ كەتتى. ليۇسەيشۇاڭ ئۇدۇل ئۆيىگە كىرىپ ھېلىقى تەقدىرنامە ۋە قىزىل بايراقلارنى ئېلىپ چىقىپ ھەممىنى ئاخۇا ھەدىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— ئەگەر سىز بۇ نەرسىلەرنى ياخشى كۆرسىڭىز ئېلىپ كېتىڭ، بۇلارغا مەن ئېھتىياجلىق ئەمەس. مەن بىر ئادەم، مەنمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش تۇرمۇشتىن لەززەتلىنىشكە مۇھتاج، — دەپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئاخۇا ھەدە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە قەدەملىرىنى يۆتكەپ، تەقدىرنامە ۋە بايراقلارنى كۆتۈرۈپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ:

— سەيشۇاڭ، سەن بۇ بالىنى قانۇنلۇق تۇغمىغان دېسەڭ، پىڭتاۋ بىلەن قانۇنلۇق ئەر-خوتۇن بولساڭ بولىدۇ. بولمىسا...

ليۇسەيشۇاڭ:

— مەن پىڭتاۋ بىلەن توي قىلىشنى ئويلاشتۇرسامۇ-قويسامۇ ئويلايمەن. بىراق... شۇنىسى ئۇنىڭ بايىقى مەردانىلىقى ئاللىقاياقلارغا كېتىپ كۆزىگە لىق ياش ئالدى. ئۇ يىغلامسىراپ:

— مەن ئۇۋۇ ياڭچۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ يېڭى ئائىلە قۇرۇشقا تامامەن ھەقلىق. بىراق مەن كېتىپ قالسام ئۇۋۇ ياڭچۇنگە كىم قارايدۇ؟ ئىككى مېيىپ قېرىغا كىم قارايدۇ؟ ئۇلار نېمە يەپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ؟ — ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئاخۇا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ:

— ھە، ئەمدى دۇرۇس گەپ قىلدىڭ. سەن بالىنى ئالغۇزۇۋېتىپ بۇ ئائىلىگە ياخشى قارىدىڭ. بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. سەن ئەمدى بۇنىڭغا كۆنمىسەڭ، مەن بۇ ئىشنى كەنتكە يوللىماي ئامالىم يوق. رەھبەرلەر سېنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، — دەپ تۇرۇشىغا سىرتتىن پېشقەدەم سېكرېتار بىلەن پىڭتاۋ كىرىپ كەلدى. سېكرېتار ناھايىتى ئوچۇق چىراي بىلەن:

— بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس، — دېدى. بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش قىيىن ئەمەس دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان ئاخۇا ھەدە سېكرېتاردىن بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز، دەپ سورىدى. سېكرېتار ئادىتى بويىچە غاڭزىسىدىكى ئاچچىق تاماكىسىنى كۆچەپ بىر سۈمۈرۈۋېلىپ:

— مەن پىڭتاۋدىن ھەممە ئىشنىڭ جەريانىنى ئۇقتۇم. ھەم سىلەرنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىڭلارنىمۇ سىرتتا تۇرۇپ ئاڭلىدىم. ئەگەر تەكشۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر بولسا سەيشۇاڭ ياكى پىڭتاۋنى ئەمەس، بەلكى سىز بىلەن مەن ئۆز خىزمىتىمىزنىڭ ياخشى ئىشلەنمىگەنلىكى ئۇستىدە تەكشۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، — دېدى. ئاخۇا ھەدە «ئۆزىمىزنى تەكشۈرسەك بولىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي:

— سېكرېتار، نېمە دېدىڭىز، يەنە بىر دېسىڭىزچۇ؟ — دەپ سورىدى.

سېكرېتار غاڭزىسىنى يەنە بىر سۈمۈرۈۋېتىپ:

— ئاخۇا، سەن ئويلاپ باق. سەيشۇاڭ بىلەن پىڭتاۋ ئۆز ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، قايتىدىن بەختلىك گۈزەل بىر ئائىلە قۇرۇپ، خاتىرجەم، يورۇق كېلەچەك تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە تامامەن ھەقلىق. بىراق بۇلار تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلارغا چىداپ، ئۆز ئائىلىلىرىنى ئۆز ھالىتىدە ساقلاپ قالغان. بۇنىڭدىن بۇ ئىككىسىنىڭ قەلبىنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولامدۇ؟ — دېدى.

# بۇنداق مۇھەببەتكە ھېسداشلىق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق

فالامېي

ئەككىلا ئائىلىدە ئىككى ياش جىسمانىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي خاراب بولغان جۆرىلىرى بىلەن بىللە تۇرمۇش كۆچۈرگەن. ئۇلار ئائىلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ قانۇنلۇق ھالدا ئۆز ئارا مۇھەببەتلىشىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى ياش يوشۇرۇن ئالاقە قىلىپ مەخپىي ئۇچرىشىپ يۈرگەن.

ئاپتور ئۆزىنىڭ ھېسداشلىقى بىلەن بۇ «شىنخۇانىڭ يېزىسىدىكى غەلىتە ۋەقە» دېگەن ھېكايىنى يازغان.

مۇھەببەت ئۆز ئارا چۈشىنىش ۋە پاك - چىنلىق ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن مۇھەببەت جىنسىي مۇناسىۋەت ئاساسىغىمۇ قۇرۇلىدۇ. بىراق ئۇ سىياسىي تۇرمۇش، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەگەر لىۋسەيشۇاڭ بىلەن پىڭتاۋنىڭ بىر - بىرىگە ھەقىقەتەن كۆڭلى بولسا، ئۇلار يورۇقلۇق ھالدا قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، قانۇنلۇق ئەر - خوتۇن بولسا مۇمكىن ئىدىغۇ؟ ئۇنداق يوشۇرۇن مۇھەببەتلىشىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مۇھەببەت ئەسلى شەخسىيەتچى، بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بىز بۇ يەردە لىۋسەيشۇاڭنىڭ دۈمچەك قېيىن ئاتىسى بىلەن پىڭتاۋنىڭ ئايالىنىڭ بۇ ئىشقا ئەقىل كۆرسەتكەنلىكى، شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكى، ھېسداشلىق قىلغانلىقى، رازى بولغانلىقىغا ئادەملەرنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. بولۇپمۇ ھازىر ھەممە جايدا قانۇن ساۋاتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇۋاتقان، كىشىلەرنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسى كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە لىۋسەيشۇاڭ بىلەن پىڭشاۋنىڭ مۇھەببىتىگە ھېسداشلىق قىلىش ھەقىقەتەن ھاجەتسىز ھەمدە ئۇنى قوللاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ناۋادا رېئال تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ۋەقە بولسا، مېنىڭچە شىنخۇانىڭ يېزىسىدا قانۇن ساۋاتلىرىنى بۇرۇنراق ئومۇملاشتۇرۇش ناھايىتى زۆرۈر ئىكەن.

سۇلايمان ئابدۇل تەرجىمىسى

---

— ئۇنداقتا بۇلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشى توغرىمۇ؟ قانۇنلۇقمۇ؟ — دەپ سوئال قويدى ئاخۇا. سېكرېتار:

— ياق، بۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى توغرا ئەمەس ھەم قانۇنسىز. بىز بۇ ئىشتىن شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بىز كادىرلار بۇلارغا تېخىمۇ غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى ئائىلىسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ ياكى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېڭى ئائىلە قۇرۇشىغا ياردەم قىلىشىمىز لازىم. ئۇلارنى ھەرگىز بايراق، لەۋھە، تەقدىرنامىگە باغلاپ قويۇۋالماسلىقىمىز لازىم، — دەپ ئېچىنغان ھالدا كەسكىنلا ئېيتتى.

لىۋسەيشۇاڭ سېكرېتارنىڭ بۇ ھاياجانلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ سېكرېتار ئالدىغا تىزلاندى.

# ئۇلارنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ

## ئۇندا

بۇ ھېكايىدە ئائىلىسى بار ئەر - ئايالنىڭ يوشۇرۇن ئاشنا ئوينىپ، قانۇنسىز بالا تېپىپ قويغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقە بايان قىلىنغان. مۇنداق قارىغاندا بۇنى ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە مۇخالىپ كېلىدىغان يامان ئىش دېيىشكە بولىدۇ.

بىراق، بۇ ھېكايىنى ئوقۇغىنىمىزدا، يوشۇرۇن مۇناسىۋەت باغلىغان بۇ ئىككى ياشقا ھېسداشلىق قىلغۇمىز ھەمدە بۇ ئىككىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق قىلغۇمىز كېلىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى ياشنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئالىيجانابلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، گۈزەل ئەخلاق چاقناپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ۋىجدان سوتىغا تارتىشقا ئاجىزلىق قىلىمىز. ئويلاپ كۆرسەك ئەگەر ليۇ سېيشۇاڭ بىلەن پىڭتاۋ ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن كېرەكتىن چىققان ئېرى ۋە خوتۇنىنى تاشلىۋېتىپ، شېرىن تويى قىلسا بۇ ئىككى ئائىلىدىكى ھېيىپلار جەمئىيەتكە يۈك بولىدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى بۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئەمما ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئەر - خوتۇنلىرىدەك ئۇلارنىڭ ھالىدىن سەۋرچانلىق بىلەن جان كۆيدۈرۈپ خەۋەر ئالالمايدۇ. ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ناۋادا ليۇ سېيشۇاڭ بىلەن پىڭتاۋ ئۆزلىرىنىڭ ھېيىپ جۆرىلىرىگە قاراشتىن باش تارتسا بۇلارنىڭ بۇرۇنراق ئالەمدىن ئۆتۈشى تۇرغان گەپ. يەنە بىر جەھەتتىن ليۇ سېيشۇاڭ بىلەن پىڭتاۋ ئىككىسى ساغلام ۋە بىجىرىم ياشلاردىن بولغاچقا، ئۇلار مۇھەببەتكە، جۈملىدىن جىنسىي مۇھەببەتكە ئېھتىياج. ھېكايىنى ئوقۇغىنىمىزدا بۇلارنىڭ ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ھېيىپ جۆرىلىرىگە زېرىكمەي - تېرىكمەي قارىغان، ھالىدىن خەۋەر ئالغان، كۆيۈنگەنلىكىدەك ئورتاق ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭدىن بۇ ئىككى ياشقا ھەقىقەتەن ھېسداشلىق قىلغۇمىز كېلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ھېكايىدىكى ۋەقەدە ئىككى تەرەپنىڭ ئائىلە كىشىلىرى چۈشىنىش ھاسىل قىلغان ھەم رازى بولۇشقان. شۇڭلاشقا بۇ ۋەقەنىڭ ئاخىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بىز ليۇ سېيشۇاڭ بىلەن پىڭتاۋنىڭ مۇھەببىتىنىڭ گۈزەل بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز ۋە ھېسداشلىق قىلىمىز.

سۇلايمان ئابدۇل تەرجىمىسى

# كىلاسسىك شائىر مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ ئىجادىي ھاياتى توغرىسىدا

شېرىپ خۇشتار

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى شائىر ۋە تارىخچى مەھمۇت ھېكىمبەگ 1818 - يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ لەڭگەر باغ كەنتىدە دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1825 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1833 - يىلىغىچە ئاتۇش لەڭگەر باغدىكى روزاخۇن خەلپىتىگە ئوقۇشقا كىرىپ دىنىي بىلىم ئېلىش بىلەن بىرگە ئەدەبىيات ئۆگەنگەن. شۇ يىللاردا ئاتاقلىق شائىرە بولغان ئانىسى ھەمرا بۇۋى ئائىلىدە ئۇنىڭغا شېئىرىيەت ئۆگەتكەن. 1833 - يىلىدىن 1848 - يىلىغىچە دەسلەپ ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق مەدرىسىدە، كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئەرەب، پارس، ئوردۇ ۋە تۈركىي تىللىرىنى ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەن. خانلىق مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن ھەزرىتى سۇلتان مەدرىسكە مۇددەرىس بولغان.

مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ نەسەبى سۇلتان سۇتۇق نەسەبىگە تەئەللۇق بولۇپ، دادىسى مىر ئەخمەتخان شەيخ دىنىي ئۆلىما ۋە شەرىئەتشۇناس ئىدى. ئۇ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم بولۇپ، ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. مىر ئەخمەتخان شەيخ ئۆز ھاياتىدا خوجا قىرغىنچىلىقىنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى بىھېساب ئادەملەرنى قانلىق قىرغىن قىلغانلىقىدەك پاجىئەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. مانا شۇ خىل ئائىلىدە چوڭ بولغان مەھمۇت ھېكىمبەگ ھاياتىنى ۋە زامانىنى چوڭقۇر كۆزەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق ئىش پائالىيەتلىرى خەلق مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغانىدى.

بۇ يىللاردا سۇلتان مەدرىسىدە مۇددەرىسلىك قىلىۋاتقان مەھمۇت ھېكىمبەگ ئاتۇش ۋە پەيزىۋاتقا خەلق تەرىپىدىن ھېكىمبەگ قىلىپ سايلىنىدۇ. ئۇ ھېكىمبەگ بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە «ھۆكۈمدارغا ئادالەت، ئىلىم كېرەك» دېگەننى تەكىتلەپ نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما شىنجاڭدىكى ئۆمرىنىڭ قىسقىراپ قالغانلىقىنى سەزگەن چىڭ ئەمەلدارلىرى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، مىللىي زۇلۇمنى كۈچەيتىدۇ. مۇشۇنداق پەيتتە ھېكىمبەگ تۆۋەندىكى مىسرالىرى بىلەن خەلققە ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئىزلەيدۇ:

قارا قارتىم قارا قاندۇركى سەبرىمگە قارارىم يوق،
قارا پەردە قارارىمنى بۇزۇپ ئەتتى ئامالىم يوق.
قاراپ تۇرسام قارا زۇلمەت ئوراپ ئالدى قەمەر يۈزىنى،
قاراڭغۇدا بېشىم قاتتى، مېنى باشلارغا يولچۇم يوق.

مەھمۇت ھېكىمبەگ شائىر، تارىخچى، دىنىي ئالىم ۋە ئاتاقلىق زابانداراز بولۇش بىلەن بىرگە ئىلمىي نۇجۇمدا كامالەتكە يەتكەنىدى. ئۇ، خەلق قوزغىلىڭى جەريانىدا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ 2 - تۈمەن قورغانى دەپ ئاتالغان قەشقەر يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاپىشۇرۇپ ئالىدۇ، ئۇ يېڭىسار ئۇرۇشىغا مەسئۇل بولغان يېڭىسار قىزىللىق بەختىيارخان بىلەن يېڭىسار قەلئەسىنى بېسىپ ياتقان چىڭ قوشۇنلىرىغا ئالقا بىلە تۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك زەمبىرەك، كۆڭگۈرت بىلەن قوغۇشۇندىن ئوق ياسايدۇ ھەم دۈشمەن تەرەپنى كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ. لېكىن، خائىنلارنىڭ مەلۇمات يەتكۈزۈشى بىلەن دۈشمەن قوشۇنلىرى شەھەردىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن چىقىدۇ. مەھمۇت ھېكىمبەگ باشچىلىقىدىكى قوشۇن دۈشمەن ئارىسىغا بېسىپ كىرىدىپ شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ. غەلىبىنىڭ 17 - كۈنى يەركەندىن ياردەمگە كەلگەن دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ شەھەر قوۋۇق- لىرى ھەم ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىغا ئوت قويۇشى بىلەن دۈشمەنلەر غالىب كېلىدۇ. ئۇرۇش مەغلۇبىيەت بىلەن تاماملانغاندىن كېيىن مەھمۇت ھېكىمبەگ پەرغانىگە سەپەر قىلىدۇ.

قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالغان جاڭ لويى بىر قىسىم ئەسكەرلەر بىلەن ئاتۇشقا چىقىپ مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ دادىسى مىر ئەخمەت شەيخ بىلەن ئانىسى ھەمرا بۇۋۇنى ئۆلتۈرۈپ، دادىسىنىڭ بېشىنى ھېيتكار مۇنارىغا ئېسىپ قويىدۇ.

مەھمۇت ھېكىمبەگ ئانىسىنىڭ ئۆز دادىسى بىر ئۆمۈر سادىقەتمەن بولغانلىقى، ھەمراھ بولغانلىقى ئۈچۈن كېيىنچە «ھەمرا»نىڭ ئاخىرىغا «ھى» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ «ھەمراھى» تەخەللۇسىدا كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازىدۇ.

مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ «ھەمراھى» تەخەللۇسى بىلەن يازغان 16 پارچە شېئىرى، دۆتىلىنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىدىن بولغان دېموكراتىك مەشھۇر زات ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم تەرىپىدىن ساقلانغان. 1954 - يىلى بۇ شېئىرلارنى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۆزىنىڭ ئاخۇنۇم ئىسمىلىك تۇغقىنىغا ساقلاشقا قالدۇرغان. بىراق، بۇ شېئىرلارنى 1956 - يىلى ئورۇمچىدىن كەلگەن ئىككى كىشى غەيرىي ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ كەتكەن.

مەھمۇت ھېكىمبەگ پەرغانىدە ئۆتكۈزگەن 5 - 6 يىللىق ھاياتىدا «غېرىبى»، (بەزى- دە «مۇغەننى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەنلىكمۇ مەلۇم) تەخەللۇسىنى قوللىنىپ كۆپلىگەن ئەسەر- لەرنى يازغان.

1864 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەردىكى قىرغىزلاقچىلار (سىدىق بەگ) غەلىبە قىلىدۇ. ئۇلار بىلەن ئىزچىل تۈزدە ئالاقە باغلاپ كەلگەن مۇھەممەت ھېكىمبەگ دەرھال قەشقەرگە قايتىدۇ.

1877 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 2 - يىلى) زوزۇڭتاڭ لىيۇجىنتاڭنى 100 يىڭ 60 مىڭ كىشىلىك چىڭ قوشۇنىغا باش قىلىپ شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ. 1877 - يىلى 5 - ئايدا (گۇاڭشۈينىڭ 3 - يىلى) ياقۇپ بەگ كورلىدا ۋاپات بولىدۇ. ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى- نىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتىدۇ.

1878 - يىلى لىيۇجىنتاڭ يۇمشاق سىياسەت قوللىنىپ، مەھمۇت ھېكىمبەگنى قەش- قەرنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ھېكىمبېگى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇ خەلقنى ئادىللىق بىلەن باش- قۇرىدۇ. بۇنىڭدىن رازى بولغان خەلق ئۇنى ئالتۇن ھالقىلىق كەمەر (ئېيتىشلارغا قارى- غاندا بۇ كەمەرنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تاقىغان ئىكەن) بىلەن تارتۇقلايدۇ. چىڭ

ھۆكۈمەتى بولسا دەرىجە ئۈستۈرۈش يولى بىلەن ئىنئام بېرىدۇ. ئەپسۇسكى ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەسەتخورلارنىڭ تۆھمىتى بىلەن قۇمۇلغا 20 يىللىق سۈرگۈن قىلىنىدۇ. شائىر ئەينى چاغلاردىكى ھەقىقىي ئەھۋاللارنى مۇنداق مىسرالار بىلەن بايان قىلىدۇ:

«خىزمىتىم شايەستە بولغانىدىن قىلىپ كۆپ ئىلتىپات،
چازا تاپشۇردى بېرىپ كۆك جۇگىسى كۆزلۈك ئوتۇغات.
توققۇز ئاي مۇختارى بولدۇم كاشغەرىگە ھۆكۈمران،
بولدى ئەھيالۇ ۋىلايەت ھەم رەئىيەت شادىمان.
سۆز تېپىپ ماھى مۇھەررەمدە كۇچارلىق، ئىككى سەك،
مۇددىئاسى: مەن يىقىلسام، بولسىلا ئورنۇمغا بەگ.
.................................................
دەپ ئەتەم بىزگە غەزەپ ئەيلەپ، قوشۇپ ئوتتۇز چېرىك،
ئىتتىرىپ خانىگە تاشلاپ كۆزىتىپ قاتتىق - يىرىك».

ئۇنىڭ سۈرگۈن ئەھۋالى ھەققىدە ھېكمىبەگ ئەۋلادىدىن بولغان ئابدۇكېرىم ئىمام ئىبنى ئابدۇلباقى ئەلەمنىڭ 1955 - يىلى بەرگەن مەلۇماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مەھمۇت ھېكمىبەگ 1878 - يىلى قىش پەسلىدە سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇنىڭ بىلەن بىز بارىكۆلدە تۇرغان. ئۇ بۇ يەردە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلغان. بوش ۋاقىتلىرىدا جامىنىڭ «يۈسۈپ - زۇلەيخا» داستانىغا تەقلىد قىلىپ «يۈسۈپ - زۇلەيخا» داستانىنى يازغان. بارىكۆلدە تۇرغان مەزگىلدە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى بىلەن تەرجىمان ئىشلەتمەي سۆزلىشەتتى؛ قۇمۇل ۋاڭ خانى ئىلتىپاتى بىلەن نوۋغا ھېسابىدا دىدەك قىلىپ ئەۋەتكەن ئۈچ نەتەك (خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر) نىڭ سىر ئېلىش، سۇيىقەستلىرى، ھىلە - نەيرەڭلىرىگە، جادۇ كۆزلىرىگە زادى باقمىغان. بەلكى ئۆزىنى پاك تۇتۇپ ئۇلارنى كۈچلۈك مەسخىرە قىلىدىغان تۆۋەندىكى ھەجۋىي شېئىرنى يازغان:

تەشنەلەپ يارىمنى دەپ كەلدىم تەرخەمە لەنگەرى،
لەنگەر ئىچرە ئولتۇرۇپتۇ ھۆردى يەڭلىغ سانگەرىن.
يىگا چوكان لەڭگا كۆنەك ۋەدە شىلىڭ دەيدىغىن،
لەي دېسەم ئالدىمغا كەلدى قىلىقلىرى بۇشاڭگەرىن.
كېلىش - كەلمەسلىكى بۇ نازىنىنىڭ شوبۇشاڭ،
چۈنكى مەن كۆرسەم بۇنى جىنتىيەن ئۆزى تەي ماڭدىغىن.
ئەپتىگە پەداز قىلىنغان ئۆزى يىدىيەر پاڭدىغىن،
قامىتى خويەۋ كېلىشكەن كۆڭلىكى بەك زاڭدىغىن.
مەن سوراپ باقتىم ئۇنىڭدىن ئۆي تۇتۇشاق شىلىڭ بۇشىڭ،
بارمۇ پۇل يانچۇقتا دەيدۇ، جازىسى بەك كۈيدىغىن.......»

مانجۇ ئەمەلدارلىرى مەھمۇت ھېكمىبەگكە ئىقتىسادىي زىيانكەشلىك قىلىدۇ ۋە بۇ

داۋامى 96 - بەتتە

# شېئىرلار

## مەسەل، چۆچەك، شېئىرلار

### ھەسەن تىلىۋالدى



ياش شائىر ھەسەن تىلىۋالدى 1942 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر تېلېفون ئىنژېنېرى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1961 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ 1965 - يىلىغىچە ئازادلىق ئارمىيىدە، 1982 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى ئاپتوبۇس شىركىتىدە ئىشلىگەن. ھازىر ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىدا ئەدەبىي تەھرىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتى 1959 - يىلىدىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە 500 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدىن «جىرىڭ - جىرىڭ» ۋە شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدىن «لەيلىگۈل تاق - تاق» ناملىق توپلاملىرى ئېلان قىلىندى. «شېكەرستاندىكى ناخشا» ناملىق بىرلەشمە توپلامدا ۋە كۆپلىگەن توپلاملاردا 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىندى. يەنە بىر مۇنچە ئەسەرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلدى.

«لەيلىگۈل تاق - تاق»، «شىنجاڭ - ياخشى جاي»، «ئىناق بىز» قاتارلىق ئەسەرلىرى مۇكاپاتلاندى. شائىر ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

### تۆگە بىلەن ئېشەكنىڭ سۆھبىتى

(مەسەل)

كېتىپ بېرىپ ئېشەكۋاي،
تەكلىماكان چۆلىدە.
كەپدانلىق قىپ ئۆزىچە،
مۇنداق دەپتۇ: — تۆگىگە.

نېمە پايدا سېنىڭكى،
ئاشۇ ئېگىز بويىڭدىن.
دائىم ئازاب چېكىسەن،
تەرسا مىجەز خۇيۇڭدىن.

باشقىلارغا مېنىڭدەك،
بولمىغاچ سەن مۇلايىم.
ھەممە ئىشنىڭ ئېغىرى،
تېگەر ساڭا ھەر دائىم.

چىققان چاغدا سەپەرگە،
بىللە دائىم ئىككىمىز.
ئەتىۋارلاپ مىنىدۇ،
مېنى ئاشۇ ئىگىمىز.

پۇتولگەنمۇ بۇ قىسمەت،
پېشانەڭگە ئېيتقىنا؟
ماڭىمەنغۇ مەن سېنى،
باشلاپ دائىم ئالدىدا.

بەزى ئادەم ۋاقىتلىق،
ماڭسىمۇ گەر ئالدىدا.
مۇشكۇل پەيتتە ئۆزىنى،
ئالار ھامان دالدىغا.

— كەم ئەقىللىق قىلمىغىن،—
دەپتۇ: —تۆگە ئېشەككە.
سىنىلىدۇ مەرت دېگەن،
جاپا-مۇشكۇل، سەپەردە.

باتۇر ئەمەس ماختانغان،
يىغىن، بەزمە، مەركىدە.
كىم كۆتۈرسە ئېغىر يۈك،
مەرتدۇر ئەلچۇن يەلكىدە.

## نەپرەت بىلەن ھۆرمەت

نەپرەت - دەپتۇ ھۆرمەتكە،
دوست بولالىي ئىككىمىز.
سۆز بىلەن ئىش - ھەرىكەتتە،
ئوخشاش بولسۇن پىكرىمىز.

دەپتۇ ھۆرمەت كىم سېنى،
دوست ئەيلىسە ئۆزىگە.
تارىخ ھەمدە ئەل - ۋەتەن،
تۈكۈرىدۇ يۈزىگە!

مەسكىنىپ بۇ نەپرەتنىڭ،
قاملاشمىغان سۆزىدىن،
غەزىپىدىن ھۆرمەتنىڭ،
ئوت يېنىپتۇ كۆزىدىن.

ئېرىشىدۇ ياخشىلار،
مېنىڭ بىلەن ھۆرمەتكە،
بەتنىيەتلەر سەن بىلەن،
چۆمىلىدۇ نەپرەتكە.

## دەپتەر بىلەن ئۇچۇرگۇچ

(مەسەل)

ئۇچۇرگۇچتىن ئاغرىنىپ،
دېدى: دەپتەر بىر كۈنى.
تايىنى يوق ئىشلارغا،
قىينايسەن سەن بەك مېنى.

جاۋاب بېرىپ ئۆچۈرگۈچ،
مۇنداق دېدى: دەپتەرگە.
قىلچە زەھمەت قىلمايمەن،
سەت كۆرۈمسىز خەتلەرگە.

يازغان تۇرسا قېرىنداش،
ھەر بىر خەتنى يارىتىپ.
ئۆچۈرىمەن دەپ خاتانى،
كەتتىڭ جاننى ئاغرىتىپ.

ئۆچۈرىمەن ئاۋايلاپ،
ناتوغرا، سەت خەتلەرنى.
شۇنىڭ بىلەن ئاسرايمەن،
كۆركەم، گۈزەل بەتلەرنى.

سەن مېنىڭدىن ئاغرىنىپ،
قىلما بۇنچە ئۆكۈنۈش.
بىلسەڭ مۇشۇ بۇرادەر،
ساڭا چەكسىز كۆيۈنۈش.

كەچىلىكنى ۋاقتىدا،
تۇرمىغاندا كۆزىتىپ.
ئېغىرلاشما ئاخىرى،
كېتەلمەيسەن توزىتىپ.

كىچىكىنە ئىش ئۈچۈن،
كەتسەڭ بۇنچە زارلىنىپ.
يوقىتىپ ئۆز رولىڭنى،
قالمامسەنغۇ خارلىنىپ.

قايىل بولۇپ دەپتەرۋاي،
ئۈچەر كۈچىنىڭ سۆزىگە.
ئىسسىقىنە ياش ئالدى،
تەسىرلىنىپ كۆزىگە.

## نىمە ئۆلمەس

(چۆچەك)

قەدىمكى شۇ زاماندا،
گۈزەل شەرق ماكاندا.
بىر پادىشاھ بار ئىكەن،
بايلىق ئاڭا يار ئىكەن،
خۇشتار ئىكەن بىلىمگە،
باغۇ ئورمان تىرىمگە.
ئادىل ئىكەن خىزمەتتە،
تەڭداشسىزكەن ھۆرمەتتە.
ئۇ چاقىرىپ بىر كۈنى،
بارچە ساراي ئەھلىنى.
ئالماق بوپتۇ ئىمتىھان،
سوئال سوراپ شۇ ھامان.
ئېيتىڭلارچۇ دۇنيادا،
نىمە ئۆلمەس دەپتۇ شاھ.
جاۋاب بېرەي مەن ھازىر،
دەپتۇ: — ھەيۋەت بىر زاھىر،
تۆت نەرسە بار دۇنيادا،
ئۆلمەس پەقەت زادىلا.
بىرى كۈندۇر، بىرى ئاي،
بىرى سۇدۇر، بىرى جاي،
بۇنداق ئاددىي جاۋابقا،
قوشۇلماپتۇ بىر بالا.
ئېيتىپ باقاي مەن بۇنى،
ئۆلەر ئاي، كۈن ھەر كۈنى.
يەر، سۇ ئۆلەر يىلدا بىر،
بۇ ئەمەستۇر ئانچە سىر.
دەپتۇ بالا ئويلىنىپ،
ئىشەنچ بىلەن روھلىنىپ.
سۆزلە بالام كەڭ - تاشا،
دەپتۇ: — كۈلۈپ پادىشاھ.
ئاي ھەم كۈننىڭ ئۆلگىنى،
تاغ كەينىگە موككىنى.
يەرنىڭ قىشتا ئۆلگىنى،
قار ئاستىدا ياتقىنى.
سۇنىڭ يىلدا ئۆلگىنى،
يۈزىگە مۇز تۇتقىنى.
بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ،
ئويلىنىپتۇ بىر ھازا.
ئۇنداق بولسا دۇنيادا،
نىمە ئۆلمەس دەپتۇ شاھ.
بۇنىڭ بىرى ئەخلاقتۇر،
بىرى ئىجاد ئەجىرىدۇر،
بىرى بىلىم مەرىپەت،
ئۆلمەس بۇلار تا ئەبەت.
بالا بەرگەن جاۋابقا،
قايىل بولۇپ پادىشاھ.

دەپتۇ رەھمەت ئەقلىمگە،
يەتكەن تىلەك - بەختىمگە.

شاھ كۆرسىتىپ ئىلتىپات،
بېرىپتۇ كۆپ مۇكاپات.

## مۇناپىق

مۇناپىق ئادەم مەردەمەس دېمە،
ئۆزى ئۈچۈن ئۇ، غەم يېمەس دېمە.
بەزى چاغلاردا يىقىلىپ قوپسا،
ئالدىراپ ئۇنى ھەرگىز مەست دېمە.
نالە قىلسا گەر ئۆز تۇرمۇشىدىن،
ئۇنىڭ كۈننى ھەرگىز تەس دېمە.

مۇناپىق ئادەم باپلار ھەممىنى،
ئۇ ئىشقا سالار زېھنى، پەمىنى.
بىرسىنى ماختاپ ھەمگىنى كۆيدۈرۈپ.
خۇشامەتنىڭكى تېتىپ تەمىنى،
چاز يىلان كەبى نەچچە تولغىنىپ.
زەھەرلەيدۇ ئۇ بىخۇت قەلبىنى.

نېمە سورىساڭ قىلىدۇ ئۆتنە،
ئارقاڭدىن دەرھال تىسوقۇيدۇ پىتنە.
ھەسەتكە دېمەك بولىدۇ سېزىڭ،

مۇناپىقلارنىڭ يېگىنى نېمە؟
ئىشىنىپ ئۇنىڭ شېرىن سۆزىگە،
قەلبىڭ سىرىنى ئۇنىڭغا دېمە.

ئۇنىڭ كۆڭلىدە يوق ۋەتەن، مىللەت،
يۈرۈيدۇ ئويلاپ ئۇ، يامان نىيەت.
مەنپەئەت ئۈچۈن يەتتە پۈكلىنىپ،
جىنىنىمۇ سۆيۈپ قىلىدۇ ئىززەت.
ماختىسا كۆپۈپ ئۇچىدۇ كۆككە،
تۇرسىمۇ تاغدەك ئۆزىدە ئىللەت.

ئۇرار دوستلارنى تەشكىلگە چېقىپ،
بىرگە ئوتتۇزنى كۆپەيتىپ قېتىپ.
ئىلگىرىلىگەنگە قازىدۇ ئورا،
كۈشنى كۆرسىتىپ ئۆپكىنى سېتىپ.
چۈلۈك ئۆتكۈزەر بۇرنىڭدىن ئۇلار،
ئويغانمىساڭ تېز ھوشۇڭنى تېپىپ.

## ئىككى شېئىر

راھىلە كامال

### سېغىنىش

چېھرىڭدە دانالىق ئوينايدۇ ئۇسسۇل،
لېۋىڭدىن تەبەسسۇم تاشلايدۇ جۇلا.
كۆزۈڭدىن چىن سۆيگۈ، مېھرى ئۇچقۇنى،
قەلبىمنى مىنىڭ ئۆرتەپ چاچىدۇ شولا.

چىكەڭنى ئاشىيان ئەتكەن قىرولار،
مۇبارەك جىسمىڭغا قوشىدۇ سۇمبات.
ھۆرمەتتە سەن گويا تەڭرى تېغىدەك،
مېھرىڭگە بويلىماس سايرامۇ ھەيھات.

شۇ تاپتا ئۆرتىنىپ ھىجران ئوتىدا،
سېغىنىپ مەن سېنى ئۇنسىز ياش تۆكتۈم.
ھىدىڭنى ئۇچۇرۇپ كەلدى شاماللار،
جىمجىت كۆل بويىدا مۈڭلارغا چۆكتۈم.

تەلپۈنۈش ھېسسىلىرى چۇلغىسا مېنى،
مەن ئۇچۇن قەسىدە يازىمەن دائىم.
بىگانە سەزمەيمەن ئۆزۈمنى زىنھار،
كۈندۈزى قۇياشسەن، كېچىدە ئايىم.

ئېشەنگىن جان ئانا، ئۈمىد لاچىنىم،
ھىجران تۇمانىنى يارىدۇ قات ـ قات.
ۋاھ، ئەنە زۇمرەتتەك ئارمانلىرىڭدىن،
ئىزلىرىم چوققىدا قاقماقتا قانات.

بىر كۈنى چاچلىرىڭ قىزىندۇز بولۇدمۇ؟
قىزىل گۈل كۆتۈرۈپ يانسام يېنىڭغا.
سارغايغان ياپرىقلىق ئالتۇن بولۇرمۇ؟
يۈلتۇز بوپ چاقنىسام ھايات بېغىڭدا!

## بىر چامدام

ئىلھام بىلەن ئىنىامجان،
يۈگۈرۈشمەكچى بولۇشتى.
ستارت سىزىق يېنىدا،
قاتارغىنا تىزىلىشتى.

«پاللا!» قىلدى ـ دە، تاپانچا،
ئۇچتى كەتتى ئىلھامجان.
بىرلا چامدام كەينىدە،
ئىككىنچى بوپ ئىنىامجان.

بىر دەقىقىنىڭ ئىچىدە،
ھەيران بولدۇم مەن بايام.
كىم بىرىنچى، كىم ئىككى،
ئايان قىلدى بىر چامدام.

# كۆڭۈل قەرىدە چاقماقلار

ئالىمجان ئازات

## دالىدا

جۈپلەشكەندە كىرپىكلىرىم،
دالدىسىدا
پەيچىرلاشتى
كۆك بىلەن زېمىن...

## قەرزدار

نەپەسلىنەر زېمىن،
يۇرتىمنى ئادىيەت ئېلىپ...

## ئۆزگەرگەن دوئەل

كۆك زېمىنگە قارىتىپ چاقتى چاقماق،
زېمىن كۆككە مەغرۇرانە ئاچتى قۇچاق...

## ئويقۇ شۇنداق دەيدۇ ماڭا

ئەجەپ،
سېنىڭدۇر بالدۇر،
ياستۇقۇڭغا باش قويۇپ
كېتىمەن ئۇخلاپ...

# شېئىرلار

## زۇنۇن رېھىم



زۇنۇن رېھىم 60 - يىللاردىن باشلاپ شېئىرىيەت سېپىگە قەدەم قويغان، ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى «تارىم» ژۇرنىلى، شىنجاڭ ياشلىرى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، «تۇرپان» ژۇرنىلى، شىنجاڭ گېزىتى، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان خەنزۇچە شېئىرلار توپلىمىغا ئىككى پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. خەنزۇچە شىنجاڭ گېزىتىدە بىر پارچە شېئىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى تۈزۈلگەن «تۇي تەنتەنىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا بىرقانچە پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

زۇنۇن رېھىم 1961 - يىلى ئۈلكىلىك 2 - دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ، قوراللىق ساقچى ئەترىتى مۇداپىئە 1 - پولكىنىڭ 2 - لىيەنىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن، كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئاۋىن مۇدىر قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ھازىر سايباغ رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

### نومۇس

ئىنسان ئىدا بولمىسا ئەگەر ئار - نومۇس،
غالىبتۇر ئۇنىڭدا پەس ئارزۇ - ھەۋەس.
ئازغىنە راھەت ۋە مەنپەئەت كۆزلەپ،
ھەتتاكى قىلىدۇ ئۆز دوستىغا قەست.

نومۇسلۇق ئىنسانغا ھەمراھ ھەمىشە،
پاك ۋىجدان، ئاق كۆڭۈل، ئىنساب - دىيانەت.
شۇڭلاشقا بۇ ئېسىل ئەخلاقنى دوستۇم،
قەلبىڭگە نەقىشلەپ ئالغىن داۋامەت.

### تىلەكلىرىم

تىلەكلەرنىڭ بۈشۈكىدە كۆردۈم ئۆزۈمنى،
تۇغۇلۇپ ئېسىمنى بىلسەم، ئەقلىمنى تاپسام.
چۈشەندىمەن: ئەلنىڭ قوينى ئالتۇن جەننەتكەن،
تىلىكىمگە بولدى قانات كۆكلەرگە ئۇچسام.

گۈل قانىمسا سۇغا تولۇق نە ئاچار پورەك،
ئىرادىسىز ئېچىلمايدۇ غايە ۋە ئىستەك.
دەۋرىم ماڭا بەرگەچ تولۇق ئىملى زور ئىدراك،
بەختىم مېنىڭ باراقسانلاپ ئاچتى گۈل - چېچەك.

تىلەكلىرىم ئۇپۇقىدا چاقناپ زەر قۇياش،
دىل كۆكسىمدە نۇرلار چاچتى رەڭلىدى ئوتقاش.
تەپچەر شۇڭا ئاتەش دىلدىن ئالىي تىلەكەر،
قاينامىلارغا شۇڭغۇپ كىرسەم بىلىمدىقا ئوخشاش.

تىلەكلەردىن ئېچىلغۇسى ئىقبال ئىشىكى.
ئەي زۇنۇنى پەللە ئاشقىن ئۇززۇن سەپەردە.
« ئات سىنىلار بەيگىلەردە، چىلىشتا پەلۋان »،
چىن ۋەدەڭگە ئەمەل قىلغىن قۇتلۇق زەپەردە.

## شامالللار

شامالللار ئېلىپ كەت يارىمغا خەۋەر،
ۋىسالدىن سېغىنغان سالاملىرىمنى.
قوت ناخشام ئەۋجىسى تاڭ پەرىسىنى،
مەھلىيا ئەيلىگەن سادالىرىمنى.

ئاھ ماڭا قانچىسى قاشىن ئوينىتىپ،
ئىزھار قىلىشقان مۇھەببىتىنى.
يارىمدىن ئۆزگىگە نە بېرەي كۆڭۈل،
بەرگەنمەن ئۇنىڭغا ئىشقىم مۈلكىنى.

ئەي ئۇچقۇر شامالللار، مەيىن شامالللار
ئېلىپ كەت گۈلزارىم خۇشبۇي ھىدىنى.

ئوماقىم يىراقتا، تەشنا ئىنتىزار،
قاندۇر ئول تەشنا دىل ھىجرانىنى.

يولۇڭغا قارايمەن سەلكىن شامالللار،
تەلپۈنۈپ، تەلمۈرۈپ ساڭا تاڭ سەھەر.
مەگزىمنى ھەر سۆيۈپ خەۋەر بەرسەڭ سەن،
يۈرىكىم شادلىقتا چۆمەر شۇ قەدەر.

شامالللار ھەر قايتسا يار سالامىن ئېيىپ،
ئالدىغا چىقىمەن پايانداز سېلىپ.
تەڭ ئويناپ يۈرگەندەك بولىمەن يايراپ،
گۈلزاردا مۇھەببەت پەيزىنى سۈرۈپ.

## يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى ھاياتقا سىما

كۆكتە ئۈزگەن بۇلۇتلار تۈزسە جەڭگاھ،
چەكسىز كەتكەن ئەرشتە چاقماق سالار ئۇن.
يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى ھاياتقا سىما،
ساداسىنى تىڭشىساڭ تۇمەن مىڭ شاۋقۇن.

يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى ھاياتقا سىما،
« ئىرادىلىك بول دائىم - دەيدۇ بوشاشما ».
مۈشكۈلاتقا ئىنتىلگىن يولۋاستەك گويا،
« مەرت سىنىلار مەيداندا، پالۋان چىلىشتا ».

يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى ھاياتقا سىما،
ئىستەكلىرىم سەھنىسى — دوخۇۋوى تۈركىستىن.
چاراقلايدۇ تاڭ سەھەر شۇڭا شاد ناخشام،
تومۇرلىرىم تار چەككەن ئاڭا بولۇپ جۆر.

يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى ھاياتقا سىما،
دورلار چاچسام ئىجادتىن نە ئارمان ماڭا.
نېچۈن كۈلمەس زۇنۇنى ئارزۇيى قانسا،
ئۇلۇغ دەۋران بەرسە كەڭ ۋە ئىمكان يانا.

## نورۇز چاچقۇسى

نەۋباھار پەسلى چېغى كەلدى خۇش پەيل،
كۆلدۈرۈپ، شادلاندۇرۇپ تەبىئەتنى.
نەقەدەر ئىللىق پەسىل، سېخى پەسىل،
قوغلاپ ئۇ جۇت زىمىستان قاباھەتنى.

نەقەدەر ئۇنتۇلغۇسىز پەيتلەر بۇ ئان،
گۈلزاردا ئاشىق ـ مەشۇق قۇچاقلاشقان.
ئۆركۈشۈپ چاپتى ئوقتەك كىيىك ـ جەرەن،
يېتىراپ يايلاقلىدىن، تاغدىن شۇ ئان.

تەبىئەت رەڭدارلىنىپ توزغا ئوخشاش،
ئارتىشقان باشلىرىغا يېشىل رومال.
ئاھ نورۇز نېمىدېگەن سېھىرگەرسەن،
تاغلارمۇ چېچەك تاققان بولۇپ ھەمسال.

ئىپار ھىد گۈلزارىدىن، بوستانلىدىن،
كۆپۈلدەپ ئۇرۇلار ئان دىماقلارغا.
بۇلبۇل ـ قۇش مەستخۇيلىنىپ خەندان ئۇرسا،
ئاڭلىنار مۇڭلۇق سادا قۇلاقلارغا.

چوكانلار قىسىپ ئالغان قۇلاقىغا،
تۇنجى رەت پورەكلىگەن غۇنچە گۈلنى.
جەلپ قىپ يىگىتلەرنى جامالىغا،
ئوتىدا مىڭ كۆيدۈرۈپ ئۆتۈپ دىلىنى.

بالىلار ئات قىپ ئويناپ تال چىۋىقنى،
باشىغا كىيىشكەنتى كوچا ـ كويىنى.
نورۇزنى قۇتلار ئىدى سەكرەپ ـ تاقلاپ،
چىللاپ دەم شاد مەرىكىگە ياش ـ قېرىنى.

شۇ قەدەر زوقلاندى شاد، ئىقلىم ـ زېمىن،
«چاقنىغان نىگاھلارغا قۇدرەت تىلەپ».
قايسى مەرت نورۇز تويى نازىل ئەتكەن،
قايسى مەرت داۋام قىپ كەلگەن يېتىلەپ؟

نەۋباھار پەسلى چېغى كەلدى خۇش پەيل،
كۆلدۈرۈپ، شادلاندۇرۇپ تەبىئەتنى.
چاچقۇغا كۆمۈلدى جان، ھاياتلىق دىل،
ئۇرغىتىپ جاسارەتنى ۋە ئىدراكنى.

مىسلىسىز خەندانلىدى نورۇز بىلەن،
تەپچىپ دىل ساھىلىدا نەغمە ـ ناۋا.
يەڭ تۈرۈپ ئاتلاندىمەن پەللىگە ئان،
يولۇمنى ئىللىتقاچ ئاتەش ھاۋا.

## ياشلىقىمنى

ياشلىقىمنى ئوخشىتىمەن تاڭدا بالقىغان،
زېمىن، كۆكنى باغاش ئەتكەن ئالتۇن قۇياشقا.
ياكى سەھەر پورەكلىنىپ گۈل ـ چېچەك ئاچقان،
تەبىئەتكە لىباس ياپقان بەرگى ئوتياشقا.

ياشلىقىمنى ئوخشىتىمەن قىش ـ زىمىستاندا،
خەنجەر كەبى جۇتنى يارغان يېشىل قارىغايغا.
ياكى كۆككە باش تىرىگەن ئېگىز ۋە ھەيۋەت،
ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان تاغ ۋۇجۇدىغا.

ياشلىقىمنى ئوخشىتىمەن زېمىن ۋە كۆكنى،
ئۇرغا چۈمكەپ شىددەت چاقان چاقماقنى.
ياكى ئۈركەش ياساپ ئاققان، سۆيگەن كىرۋەكتىن،
كۆمۈش تەڭگە چاچراتقان ئويناق دەرياغا.

ياشلىقىمنى بېغىشلىسام ئەل مەنپەئىتىچۈن،
باھارىمنىڭ چېچەكزارى گۈل ئاچتى دەيمەن.
تەقدىم ئەتسەم ئاشۇ گۈلنى ساڭا ھۆر ۋەتەن،
ئەكى ئارمان تىلەكلىرىم نۇر سۆيدى دەيمەن.

## تاغ ئالمىلىرى

ئالمىلىق ماكانى، ئالما جىلغىسى،
تەلكىنىڭ پارىسى، تەلكە كىندىكى.
تاغ گۈلى چېچەكى ئوخشاش باغرىڭدا،
زەپ رەڭدار ئېچىلغان ئالما چېچەكى.

شاخلىرىڭ ئوخشايدۇ سۇمبۇل ساچىڭغا،
ئالماڭنى ئوخشاتتىم يۈرەكلىرىڭگە.
ھەجەپمۇ بىر ھالكەن پەرۋىشسىز ئۇندا،
مېۋىگە كىرگىنى ئېتەكلىرىڭدە.

مارىشىپ كۆز قىسار ياپراق ئاستىدا،
غۇژمەك ۋە غۇژمەك بوپ ھەر بىر شاخىدا.
خۇما كۆز جانانىدەك قاشىنى ئېتىپ،
تۇرىدۇ ساڭگىلاپ جىلغا بويىدا.

چۇ — چۇلاپ كېتىدۇ شېخىدا قۇشلار،
جىلغىلىق ئىچىنى بېشىغا كىيىپ.
ھىجران ئوتىدا چېكىپ پىغانلار،
تاڭ سەھەر مۇھەببەت ئىزھار ئېيتىپ.

سەكرەپ ئاستىڭدا ياتسام بەھۇزۇر،
توساتتىن بىر ئالما چۈشتى مەيدەمگە.
ئاھۇ كۆز جانانى سۆيگەندەك ھۇزۇر،
شۇ قىزىل ئالماڭنىڭ سۆيدۈم مەڭزىگە.

سېھرىڭنى نېمىگە ئوخشاتسام بولار،
ئەي ئالما جىلغىسى، ئالما جىلغىسى؟
سېھرىڭنى نېمىگە ئوخشاتسام بولار،
ئۇنتۇلغۇ قەلبىمنى تەلكە پارىسى.

ئالمىلىق جىلغىسى ئېتەكلىرىڭدە،
ئەپسۇسمەن، تۇرغىنىم بولدى بەك قىسقا.
ۋە لېكىن ئۇنتۇلماس سەندىكى چاغلار،
ۋۇجۇدۇم چىلاشتى ئىلھام ۋە ھېسقا.

# شېئىرلار

**روزى نىياز**

## ئارمان

كۆزۈمدە سۇنايلىنىپ ياتقان دۇنيانى، ھەر سۆزىنىڭ ئۈركەشلىك ئىلھام-زوقىغا.
سۆرەتلەپ قۇرلارغا كۆچۈرەلىسەم. سىلىيونلاپ يۈرەكنى چوكۈرەلىسەم.

## سۆيۈملۈك دالا

شۇنچىلىك ئۇزاققا سوزۇلغان دالا،
تەككۈزۈپ ئېۋىنى ئۇپۇق ئېۋىگە.
يېتەلمەس كۆز نۇرى ئاسانلىق بىلەن،
دالىنىڭ پايانى — قىرى - چېتىگە.

ياتىدۇ دالىنىڭ قوينىغا سىغىپ،
چوڭ - كىچىك بىساناق بارچە مەۋجۇدات.
سەزگۈلەر ئويغىتىپ، قىلىدۇ داۋام،
باغرىدا ھېكمەتلىك، جۇشقۇنلۇق ھايات.

بەھرىلىك قوينىڭدىن، سۆيۈملۈك دالا،
ئۆرتىنەر بىر سوئال ئىلكىدە پاك دىل.
باغرىڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بەزىلەر،
نە سەۋەب كۆڭلىگە سىغدۇرالماس قىل؟!

## بولدۇق يەنە جەم

بىز ئاتلاپ قانچە يىل داۋانلىرىدىن،
ئۈرۈمچى شەھرىدە بولدۇق يەنە جەم.
يېقىملىق چىرايلار گۈلدەك كۆرۈنۈپ،
ئېسىلدى كىرپىككە يالتىراق شەبنەم.

بۇ دەمدە ھەر دىلدا پارلاپ بىر قۇياش،
نۇرلارغا نۇر ئۇلاپ چاچار ھارارەت.
يۈرەكتىن يۈرەككە كۆچەر يۇلتۇزدەك،
سىردىشىش، ياد ئېتىش، دوستلۇق - ساداقەت.

بىر ئانا سۈتىدە ئۆسكەن قوشماقتەك،
بىز ئىدۇق مەكتەپداش، سىنىپ - پارتىداش.
تويۇلغان پەخرىمىز، بايلىق، بەختىمىز،
ئىلىم - پەن ئىشقىدا چوغدەك يېلىنجاش.

چاڭقىغان ئېغىز - لەۋ يەتكەندە سۇغا،
قۇدۇقنى قازغۇچى يۈرەكتە ھازىر.
بىلىمنىڭ شەربىتىن ئىچۈرگەن ئۇستاز،
قەلبىمىز تۆرىدە ئولتۇرغان خىزىر.

جانىجان تۇپراققا تارتقان تومۇرلار،
ئىستەكلەر قەسرى ئوتلۇق باغرىمىز.
ئاڭلانماس قۇلاققا، ئاڭلانماس زىنھار،
ھارغىنلىق، ئۆكۈنۈش، پەرياد - نالىمىز.

قىپقالدى سوئاللىق ئەسلىمە بولۇپ،
ئىسسىق - سوغ، سېھىرلىك يىللار كەچمىشى.
ئاقلاندى قانچىلىك ئەھدى - بۇرچىمىز؟
بەش قولدەك ئاياندۇر ھەركىمنىڭ ئىشى.

بېشىمىز ئۈستىدە يۈردى ئەگىپلا،
گاھ شادلىق، گاھىدا ئاچچىق دەرد - ئەلەم.
تارتقاچقا كۆڭۈلنى چوققىنىڭ مېھرى،
چۈشمىدى قوللاردىن ئاپپاق بور، قەلەم...

گۈل ياشلىق خوشلىشىپ كەتكەن يۈزلەردە،
كۆرۈنەر يىللارنىڭ بەلگىسى — ئىزى.
قورام تاش سىياقتا تۇردۇق تەۋرىمەي،
دولقۇنلار ئۆرسىمۇ ھايات دېڭىزى.

شاخلىتىپ ئارماندىن يېڭىچە ئارمان،
گۈزەل تاڭ — ئەتىنى كۆزلەۋاتىمىز.
ئالتۇن تەر — ئەجرىمىز كۆرەكلىرىدە،
يول ئېچىپ ئوي - دۆڭنى تۈزلەۋاتىمىز.

قانچىلىك شېرىن دەپ ساۋاقداش - دوستلۇق،
سەزگۈلەر ئېيتىمىزى يەلپۈتەر چىمەن.
ھەممىمىز بەرگىدە كۆكلەش - يېشىللىق،
سېغىنىش باھارى ئاپتىپى بىلەن.

نەقەدەر ئىجىل دەپ ئۇستازۇ - شاگىرت،
بۇلبۇللار تىلىدىن كېلىدۇ ئاۋاز.
ئەي ساقى،
ئۇزاتقىن قوللارغا قەدەھ،
يار بولغاي ھەممىگە كامالەت - پەرۋاز.

## دېمەك ھەرگىز

يۈرىكىمنى پايانى يوق مەيدان بىلمىسەڭ، چېچەكلىرى قۇرۇق ئۇنىڭ، دېمەك ھەرگىز، چاپار ھېسسىيات ئارغىماقىم ئىزگىن سېرىپ. ياتار ئىزى قىسمەتلەردىن نىشان بېرىپ.

# ئىككى شېئىر

### ئابدۇلجان تۇرنىياز

## سۆيگۈ سەھەرى

دالىلار ئارتقۇالغان شايى رومال،
كەڭ زېمىن نۇر ئىلكىدە يۇيۇلىدۇ.
شەپەق قىزىل كۆيۈپ تۇرغان چوغدەك بولۇپ،
ئاشىقى — گۈل زېمىندىن ئۇيۇلىدۇ...

شەھەر شامال چېلىپ لەرزان دۇتارنى،
كېلىدۇ سۆيگۈسىدىن ئوقۇپ.
ياپراقلار ھاياجاندا تۇرالماي جىم،
قۇيۇشار بىر-بىرىنى ئاستا ئوقۇپ.

قۇچاقلاپ گۈلنىڭ نازۇك بەللىرىدىن.
كېپىنەك لەۋلىرىنى ياقار تۇتلۇق.
كاككۇكلار ئەتراپىدا بولۇپ رەققاس،
مەردىكە-نەغمىسىدە قىلار شوخلۇق.

تۈكىدۇ شېرىن ۋىسال ياشلىرىنى
ئاشىقلار بىر-بىرىگە تويماي قاراپ.
قىيغىتىپ شەبنەم سۆيگەن ساھىللارنى،
يېراقتىن خۇش بوي ھاۋا كېلەر تاراپ.

## بۇ مۇشۇنداق مۇھەببەت

ئاشىقلارنىڭ سۆيگۈ ناخشىسى،
پىنھان دىلدا نالار سىر بولۇپ.
تۇتقۇن كۆزلەر كۆز تۇرمەس چۇقان،
ھىجران بىلەن تۇرسىمۇ تولۇپ.

كۆكلەپ تۇرغان ئەركىن مۇھەببەت،
بەنت بولار كۆكرەك ئىچىگە.
كۆكۈمدىكى شېرىن سۆيۈشلەر،
تەلپۈنىدۇ خىلۋەت كېچىگە.
تاغ كەينىدىن ئۆرلەپ چىققان ئاي،
ئورمانزاردا تۆرالماس مۆكۈپ.

شەپە بېرىپ قويىدۇ شامال،
شىلدىرىدىن مۆڭ-قايغۇ تۆكۈپ.
ئاھ دېگۈچە ھاگىبىر ئوچۇق ئىشكىم،
گۈر-گۈر قىلىپ بوران ئۇلچۇپ تۇرۇپتۇ.
يالاپ قالدىم كەز باغلىغان لەۋىمنى،
ئىچمەي تۇرۇپ بولاقلىرىم قۇرۇپتۇ.

چۆچۈپ كەتتىم ئىچىپ «قارىغۇ» كۆزۈمنى،
يېتىمچىسىن ماموق تۆشەك ئىچىدە.
قاراپ باقسام ئۆيقۇمىمۇ ھەم لەلەگلەپ،
يۈرگەن ئىكەن سايىسى قوش كېچىدە.

# شېئىرلار

ئابدۇكېرىم ئۇسمان

## تەلمۈرسەڭ سەن مۇھەببەت بىلەن...

تەلمۈرسەڭ سەن مۇھەببەت بىلەن،
يالقۇن تارار تېنىمگە شۇ دەم؛
ۋە چاڭقاشىق قىينايدۇ بەتتەر،
بىراق دىلدا بىر تەشۋىش، بىرغەم...

ئاشۇ تەشۋىش، ئاشۇ غەم چىرماپ،
بارغۇزمايدۇ ئالدىڭغا مېنى.
«سۆيگۈسىز!» دەپ رەنجىسەڭ جېنىم،
كۆزۈمگە بىر باققىنا قېنى.

كۆزلىرىڭدە تالاي كۆز نۇرى،
لەۋلىرىڭدە تالاي لەۋ ئىزى؛
پاك دىللارنى ئۇتۇپ تالاي رەت،
باشلانغان بۇ يىگىتلىك كىزى.

بولغان ماڭا قانچە سەيلىگاھ،
سەن ئولتۇرغان بۇ چىمەن قىرغاق.
نەم توپىدا قالغان ئىزلىرىم،
ئاھ، ھازىرمۇ تۇرۇپتۇ شۇنداق.

سەن سەزمەيسەن ئۇلارنى پەقەت،
قىينار مېنى ۋىجدان سوردىقى.
يۈرىكىمنى تىللار ئاياۋسىز،
پۇشمان، ئازاب، نەپرەتلەر تېخى...

تەلمۈرمىگىن مۇھەببەت بىلەن،
لەۋ تامشىتىپ، ئەي گۈزەل ماڭا؛
پاك لېۋىڭگە قونمىسۇن غۇبار،
لايىق ئەمەس مەن زىنھار ساڭا!

پاك يۈرىكىڭ پاكلارنى تاپسۇن،
نەسىۋەم شۇ: — قالاي ھەسرەتتە.
پاك سۆيگۈڭگە كەڭلىك يار بولسۇن،
تۇراي بۇ دەم پىنھان — خىلۋەتتە.

قەلبىڭ ئەگەر كەچۈرسە مېنى،
مەيلى سۆيەي «باغرىم!» دەپ ئەبەت.
ئاھ، شۇندىمۇ يۈرىكىم زىدە،
قۇچالمىغاچ سەن پاك مۇھەببەت...

## سۆيگۈ پەسىللىرى

1

باھار —
بىز تېپىشقان پەسىل دىلرەبا.
ئەلچى بولغان سۆيگۈمىگە.
گۈل ھىدىغا تولغان شامىللار.

2

ياز —
دىلرەبا بىز كۆيۈشكەن پەسىل.
شېرىن خىيال‌لار
ئەللەيلەيدۇ ھېسلارنى يانا.
سۆيگۈمىزنىڭ كۆيۈكى
ئورناپ قالغان داغ بولۇپ ئايغا.

3

كۈز —
پاك ئەقىدەم قوزغىغان يىغا.
سەرسان ئىشقىم
غازاڭلارنى يۈرەر ئۇچۇرۇپ.

4

قىش —
جۈت پۈركىگەن كۆزۈڭ دىلرەبا.
مۇزلىدى يۈرەك.
ئىللىتالماس باھار قۇياشى،
ناتىۋان سۆيگۈم
ئەلۋىدا...

# قەلب قەسرىدىكى ھىجران ناخشىلار

ئەكبەر داۋۇت (تەنھايى)

## ئۇنتۇلماس سۆيگۈ

ئويۇمدا شۇ كېچە جانان سىماسى،
يۈرەكتە لاۋۇلدار سۆيگۈ لاۋاسى.
ئېسىمدە شۇ چاغلار بەخت ئىمزاسى،
ئەي جېنىم شەھلا كۆز مۇڭلۇق ناخشاڭنىڭ
ئەكسىدىن تىترەيدۇ يۈرەك تارىسى.
ئايدىڭ كەچ جاراڭلار سۆيگۈ ناخشىسى.

سەنمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ئورغۇن نىگاھلار،
مەنمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ئورغۇن سىماھلار.
ئۇنتۇلماس تۈنجى رەت مۇڭداشقان چاغلار،
شۇ كېچە ئايدىڭ كەچ، ئوتلۇق نەپەسلەر.
نەقەدەر ئازابلىق، قېنى شۇ چاغلار،
ياڭراتماس ھىجراننىڭ كويى كىم-كىملەر.

## لەۋلىرىڭدە بىر غەمكىن ناخشا...

لەۋلىرىڭدە بىر غەمكىن ناخشا،
مۇڭلاندۇرار يۈرەكنى ھەر دەم.
قارچۇقىڭدا سولغۇن چىرايىڭ،
كۆزلىرىڭدە ئاچچىق بىر ئەلەم.

شەھلا كۆزۈڭ قايغۇ دېڭىزى،
ئۇچقۇنىدا شەپەق ھەم مانان.
ئەكس ئەتكەن شۇ غەمكىن ناخشاڭ،
ۋىسال ئۈچۈن كىرسىز بىر ئارمان.

ياپراقلارنى تىترىتىپ ئاخىر،
يوقۇلارمۇ ناخشاڭنىڭ ئۈنى.
تەنھايى گەر قالسا ئارماندا،
بەزلەرمۇ ھەم قوشلىرىڭ كويى.

## چايكىنىڭ سۆيگۈسى ئۇزاقتىن — ئۇزاق

بىر چايكا ئۇچىدۇ دېڭىز باغاشلاپ،
دولقۇنى ئۆركەشكە ئۆرۈپ ئۆزىنى،
قۇچاقلاپ ھەر سۆيسە ئېيتار پىچىرلاپ،
قەلبىدە ساقلانغان يۈرەك سۆزىنى.

ئاشىق بوپ كېلىدۇ دېڭىزغا شۇنداق،
چايكىنىڭ سۆيگۈسى ئۇزاقتىن - ئۇزاق.
بەزىدە دېڭىزمۇ سۆيىدۇ ئۇنى،
ئۇزاققا سوزۇلماس بۇ سۆيۈش بىراق.

بىر دەقىق سۆيگۈدىن بەھىر ئالسىمۇ،
دولقۇنلار قوغلار ئۇنى قەرىدە ئۆرلەپ.
قىلچە پەسەنت قىلماس باتۇر چايكىمۇ،
شۇ قىسقا مىنۇتلۇق بەختىنى كۆزلەپ.

يىللاردىن بېرى ئۇ ئۇزاقتىن ئۇزاق،
تەكرالاپ كېلىدۇ شۇ ئىشنى ھەرۋاق.
ئىستەلەسمۇ مەڭگۈ ھەر ئىككىسىلا،
شۇ قىسقا سۆيۈشتەك كۆڭلىنى خۇش-ۋاق؟

# شېئىرلار

## قۇتلۇق قادىر



قۇتلۇق قادىر 1968 - يىلى ئۈرۈمچىدە مەئىشەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، 1986 - يىلى پاكىستان خەلقئارا ئىسلام [illegible] ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. ھازىر شۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

قۇتلۇق قادىرنىڭ ئىجادىيىتى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا باشلانغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى «تارىم» ژۇرنىلى، «ئۆسمۈرلەر» گېزىتى، كەچلىك گېزىتى ۋە رادىئودا ئېلان قىلىنغان. ئۇ 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەن شىنجاڭنى سۆيىمەن» دېگەن مۇسابىقىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئېلان قىلىنغان بۇ شېئىرلار ئۇنىڭ پاكىستانغا بارغاندىن كېيىن يازغان يېڭى ئۇسلۇبتىكى شېئىرلىرىدىن تاللانغان.

### يىپەك

(بىر جانانغا جاۋاب)

يىپەك ــ يىپەك،
ئانام كۆڭلىدىكى،
ئاتام تونى يىپەك.
ئانام توقۇغان،
ئاتام ساتقان يىپەك.
تارىم بويىدا يىپەك،
ئىلى بويىدا يىپەك.
سەن ئۈژمە تىككەنمۇ؟
دەرەخ ئىرغىتىپ ئۈژمە يېگەنمۇ؟
پىلە باققانمۇ؟
تۆگە مىنگەنمۇ؟
بوۋاڭ بىلەن كارۋان ھەيدەپ،
مۇقام توۋلاپ يىپەك ساتقانمۇ؟
جاھان كەزگەنمۇ؟
سەن يىپەكتىن لىباس كىيگەنمۇ؟
يىپەك ــ يىپەك،
تارىخىڭ ئۇزۇن،
ئۆمرۈڭ ئۇزۇن،

مەشھۇرسەن شەرق ــ غەربتە.
كۆمۈلمىدىڭ تا ھازىرغىچە.
كۆمۈلمەيسەن!!!
يىرتىلمايسەن!!!
تونۇتىدۇ سېنى شۇڭا،
ۋەتىنىڭ قەشقەردىن يىراق ئىلىغىچە.
ئاناڭ كۆرگەنمۇ يىپەك؟
ئاتاڭ ساتقانمۇ يىپەك؟
سەن دەستىگاھ قۇرغانمۇ؟
سەن خام توقۇغانمۇ؟
سەن خام توقۇماي،
توقۇدۇم يىپەك دېسەڭ،
كۈلەمدۇ جاھان سۆزۈڭگە سېنىڭ.
يول تېپىپ كارۋان ھەيدەپ،
يىپەك ساتتىم دېسەڭ ئىلىنىڭ بويىدا،
ئىشىنەمدۇ كىم سۆزۈڭگە سېنىڭ،
تېپىلامدۇ يا يىپەك يولىدا،
ئاتا ــ بوۋاڭنىڭ جەسىتى.

پەقەت بۇ كۈنلا كۆرسەڭ تىزگىنى،
قانداق مىنىسەن ئۇنى يۈگەنسىز؟
قانداق تاپتىڭ يېپەك يولىنى؟
كېلىپ باقمىساڭ تارىم قوينىغا،
قانداق باردىڭ ئىلىنىڭ بويىغا.
ئويلىنىپ سۆزلەڭ جاناب،
ئويناپ سۆزلىمەڭمۇ،
ئويلاپ سۆزلە دېيىشكەن
بوۋىلىرىمىز.
ئەنە، خانتەڭرى قەلەم بولۇپ،
تارىم، يۇرۇڭقاش، زەرەپشان، ئىلى،
سىيا بولۇپ.
يازدى يېپەك تارىخىنى خادا تاشلارغا،
ھەرگىزمۇ ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيسەن.
خادا تاشلارنى كۆچۈرۈۋېتەلمەيسەن!
قۇملار بىلەن كۆمۈۋېتەلمەيسەن.
چۈنكى بۇ تارىخ
چۈنكى بۇ ھەقىقەت.
ھەشقاللا دېگىن،
ئۇنى توقۇغان خەلققە.
بارىكاللادە ئۇ يولنى ئاچقان ئەجدادلارغا،
يىرتىپ تاشلا مەست ۋاقتىڭدا،
يازغان تارىخنى.
سورا ئۇنىڭ تارىخىنى،
خان — تەڭرىدىن.
كەمتەرلىك بىلەن،
ئېيتىپ بەرسۇن — خانتەڭرى،
يېپەك دېگەننى.

## ئېيتما ئانا

ئېيتما ئانا،
ئەللەيلىگىنى،
ئۇخلىمايمەن ئەمدى.
مەن پەقەت،
ئاڭلىۋالدىم خوراز ئۈنىنى.
بۆشۈكۈمدىن،
تېزرەك يېشىۋەت!!!

## تەڭرىنى ئىزدەپ

ئىشىك قېقىپ،
ئىزدەپ يۈرىمەن،
تەڭرىنىڭ ئۆيىنى نەدە دەپ.
كۆرسەم تىڭگەر،
ئۇنىڭ ئۆزىنى.
سورايتتىم مەن،
جەننەت نەدە دەپ.

## ئويغىنىپ

كۈندە ئويغىنىپ،
يۇرتقا قارايمەن.
غەملىك شامالنى،
بىر - بىر پۇرايمەن.
كاھ كەلسە كارۋان،
بىر - بىر سورايمەن.
ئۈزۈلمەس ئۈمىدىم،
سېنىڭدىن ئانام.

1988 - يىلى، ئىسلام - ئاباد

# ئۇ ۋە ئۇلار

(ھېكايە)

ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى

كەچ، سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، يۈز ـ كۆزلەرنى يېنىك سىيپاپ ئۆتۈپ تۇرغان ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ نەيەن شاملى ساي ـ رامنىڭ كەچ كۆزدىكى ساپ ھاۋالىق مەنزىرىسىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ئۆتكەندىكى قالىداقتۇر بىر تارىخلارنى خىيال قىلغاچ ئاستا ـ ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى چاغلىرىدىلا كىتابلاردىن بۇ ئەلدىمۇ جىڭگولۇقلارنىڭ كۆپلۈكىنى، ھەتتا ئالەمگە مەشھۇر بۇ شەھەردە بىر جۇڭگولۇقلار كوچىسىنىڭمۇ بارلىقىنى ئوقۇ ـ غانىدى. مانا ئۇ ئاخىرى قىتئە ئاتلاپ بۇ يەرگە ئوقۇشقا كەلدى، مانا ھازىر ئۇ مېڭىپ كېتىۋاتقان بۇ كوچا جوڭگولۇقلار كوچىسى ئىدى...

— توختا!— يان تەرەپتىكى قاراڭغۇ دوق ـ مۇشتىن تۇيۇقسىز ئىككى كىشى چىقىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. شەرقنىڭ تىنچ كوچىلىرىدا ئەركىن مېڭىپ كۆنگەن بۇ يىگىت ئەمدى نېمىدىندۇر ئەنسىرىگەن ھالدا بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆزىنى ئاتاپ كۆتۈپ تۇردى.

— سائىتىڭنى چىقار!

ئۇ «بېيجىڭ» ماركىلىق سائىتىنى دىر ـ دىر تىترىگەن ھالدا بىلىكىدىن چىقىرىپ ئۇلارغا بەردى.

— يېنىڭدا پۇل بارمۇ؟— سورىدى ئۇلاردىن يەنە بىرى تەھدىت بىلەن.

— بار... بار...— ئۇ يانچۇقىدىكى بەش يۈز دوللارنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ ئۇلارغا تەڭلىدى.

— رەھمەت ئەپەندىم،— دېدى ئۇلاردىن بىرى پۇلنى ئېلىۋېتىپ،— سىز ھاياتىڭىزنى قوغداشنى بىلىدىكەنسىز، سىز كەلگۈسىدە ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە بەخت تىلەيمىز.

بۇ زورىغا ھېجىيىپ باش لىڭشىتتى.

— يوقال!

ئۇ خۇددى كومانىدىرنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغان جەڭچىدەك تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ ئۇلاردىن يىراقلاشتى. ئۇ بىرنى ئوھ تارتىۋالدى. چۈنكى «يوقال» سۆزى — «ھايات قال» دېگەندىن بىشارەت ئىدى. ئۇ ئەمدى يۈگۈرۈشكە باشلىدى...

— توختا!

ئۇنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى ـ دە، خۇددى تورمۇزلانغان ماشىنىدەك تاقلا توختىدى. ئۇنى يەنە نەس باستى. كوچىنىڭ ئۇ نەچچە مېتر نېرىسىدىكى زىنىنەت چىرىغىنىڭ غۇۋا يورۇقىغا كېلىپ، ئاسانلا ئولجىغا چۈشكەن سائەت ۋە پۇللارنى بۆلۈشۈۋاتقان ھېلىقى ئىككى كىشى ئارقىسىغا يېنىپ يەنە ئۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى تونۇشتى، بۇ زامانىۋى شەھەر ـ نىڭ مەندىن بۇرۇنقى مۇھۇنداق يول بىلەن قانغا مىلىنىپ جەھەننەمگە سەپەر

قىلغان كۆرمىگىلىگەن بىچارىلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلىدىغان بولىدۇم دەپ ئويلىدى. ئۇ بۇرۇن بۇ ئەلدە كۈندە نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر بۇلىنىدۇ، ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدى. لېكىن ئۇشۇنداق ئاڭلىغان بولسىمۇ نېمە ئۈچۈندۇر بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە قىزىقاتتى. چۈنكى ئۇ بۇنداق گەپلەرنى گېزىت يۈزىدىكى تەشۋىقات دەپ بىلەتتى ياكى قىزىقارلىق دۇنياۋى پاراڭلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلاتتى، مانا ئەمدى بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۆز بېشىغا كەلدى. ئۇ بۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتىدۇ، ئۇ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئىككى كىشىگە قارىغىنىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇن ئاڭلىغانلىرىنى تەشۋىقات ياكى قىزىقارلىق پاراڭ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

— بېيجىڭ؟ — ئۇلارنىڭ بىرى قولىدىكى سائەتنىڭ ماركىسىنى باشمالتىقى بىلەن ئىما قىلىپ سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى، — سەن... سەن، ياق سىز جۇڭگولۇقمۇ؟

— ئۇ باش لىڭشىتتى.

ئۇلار ھېلىقى سائەتنى ئۇنىڭ بىلىكىگە قايتىدىن سېلىپ قويدى، بەش يۈز دوللاردىن بەش دوللارلىق بىر تىزىمنى سۇغۇرۇۋالغاندىن كېيىن قالغىنىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ:

— بۇ بەش دوللارغا بىز ئەتە بىر كۈن جان باقايلى، — دېدى.

ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ كارامەتنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىگە ۋە بۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالماي قېتىپلا تۇرۇپ قالدى.

— سىز جۇڭگولۇق؟... — سورىدى ئۇلاردىن بىرى يەنە قايتىلاپ، ئۇ بۇ دورەم جۇڭگو تىلىدا ئۆز سۆزىنى ئېنگلىزچە تەلەپپۇز بىلەن تولىمۇ تەسلىكتە سۆزلىدى، — جۇڭگولۇق؟...

ئۇ يەنە باش لىڭشىتتى.

ئۇلار تىزلاندى...

ئۇلار ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان لېكىن يەنە ھەم قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئانا تىلى بىلەن سۆزلىدى:

— 我们也是中国人! (بىزمۇ جۇڭگولۇق!)

ئۇمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يامغۇرلۇق كېچىدە بىرگە مۇڭداشتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ھازىرقى جۇڭگوغا ئوخشىمىغان، بولۇپمۇ ئۆز كىشىلىرىگە ئۆزى ئىگە بولالايدىغان ھازىرقى جۇڭگونىڭ بۇنىڭدىن يەتمىش-سەكسەن يىللار مۇقەددەمدىكى ئادەم بازارلىرىدىن سېتىپ ئېلىنىپ بۇ ئەلگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەنلەرنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلدى. جاھان بايلىقلىرىغا ئىگە بولالايدىغان بۇ ئەلنىڭ بايلىقىدا ئۆزىگە تېگىشلىك ھەسسىگە يارىشا ئۈلۈشىدىن ئايرىلىشتۇرۇلغان بۇ ئىككىيلەنىدىكىلەرنىڭ قاراڭغۇ دوقمۇشلاردىكى كەسىپلىرىنىڭ ئامالسىزلىقتىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى...

ئۇلار كەتتى.

ئۇ، قايسىدۇر بىر تارىخلارنى نەپرەت بىلەن ئەسلىگىنىچە ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئۇلارغا قارىدى. ئۇلار بۇ زامانىۋى شەھەرنىڭ زىننەت چىراغلىرى تولۇق يورۇتالمىغان «جۇڭگولۇقلار كوچىسى» دا ئايلىنىپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار قاراڭغۇچىلىق ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولدى. يامغۇر تېخىمۇ ئۇلغىيىپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى، بۇ جاينىڭ يامغۇرى ئۇنىڭ بېشىنى يۇيۇپ ئۇنى ئەمدى خېلى سەگەكلەندى، ئۇ ئېسىگە كەلدى، ئۇ چۈشەندى، ئىختىيارسىز ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— ھەي،... جۇڭگولۇقلار كوچىسى...

# يېڭى يېزىدىكى كونا چۈشلەر

(ھېكايە)

تۇرسۇنئاي يۇنۇس



تۇرسۇنئاي يۇنۇس 1941-يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1965-يىلى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ئارتىس، پىركازچىك بولغان. ھازىر ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1981-يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «چوپاننىڭ تويى» ناملىق ھېكايە بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ «توزىماس گۈل»، «قىزىل شارپا» ناملىق ھېكايىلىرى ۋە پىلانلىرى، 1987-يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا «ھايات سىنىقى» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىندى. شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلىدا «شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇلى توغرىسىدا بەزى كۆز قاراشلىرىم» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گېزىت-ژۇرناللاردا بىرقانچە ھېكايىلىرى ئېلان قىلىندى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

باھار كۈنلىرى، سېخى قۇياش تەپتى پەر-
زەمىننى ئىللىتقان، ئېتىز-ئېرىق بويلىرى
مەخمەلدەك يېشىللىققا پۈركەنگەن چاغلار ئى-
دى. تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى بۈك-با-
راقسان يېزىلار ئىچىدە ئاۋات ناھىيىسىگە
قاراشلىق تامتوغراق يېزىسى جىگدىلىك
كەنتى چەت كەنت ھېسابلىناتتى. بۇ كەنتنىڭ
تۆت تەرىپى تال، تېرەك، قارىياغاچ ۋە جىگ-
دىلەر بىلەن ئورالغان بولۇپ، يىراقتىن
چوقچىيىپ تۇرغان قۇمسال دۆڭ باغرىدا قۇ-
مۇشلۇق، يەكەنلىكلەر ئاقىرىپ تۇراتتى. كەنت-
تىن يېزىغىچە يىلانباغرى توپىلىق يول-
دا ھېرىنكە چاقلىق ئات ھارۋىسى كېتىۋا-
تاتتى. ھارۋىنى بېشىغا ئاق تۇماق، ئۈستى-
گە چەمبەرقۇت چاپان كىيگەن، ئورۇقلۇقتىن
ياڭاقلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، بۇرنى
ئۇزۇن، قارا قاشلىق، كېلىشتۈرۈپ ئىنچىكە
بۇرۇت قويۇۋالغان 30 ياشلار چامىسىدىكى
بىر كىشى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھەدەپ
ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ، ئۇنىڭ تېزرەك
چاپتۇرۇشقا ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى پە-
رىشان، چىرايىدىن جىددىيلىشكەنلىكى بىلىن-
ىپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم-بىردەم ھارۋىدا
چىت يوتقانغا ئورىلىپ ياتقان ئايالىغا
قارىغىنىچە ئېغىر خۇرسىنىپ قوياتتى.

تېرەكلەرگە ئۇۋىلىغان قۇشقاچلارنىڭ چۇ-
رۇقلاشلىرىمۇ، غۇيۇلداپ ئۇچۇشقان باھار
قارلىغاچلىرىمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمايتتى.
ئۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىش قايناۋ-
غان ئېتىزلاردا ئالدىراش تېرىقچىلىق قىلى-
ۋاتقان ئەر-ئاياللارغا قاراپ قوياتتى. با-
ھار دېھقان ئۈچۈن ئاشلىق، پاختا، پۇل-
دە. «ھەرنىمە بولسا ئېتىز-ئېرىق ئىشلە-
رىمنى ئۈلگۈرتىۋالدىم. ئەمدى ئۇنى ساقايت-
ۋالسام بولاتتى. ھەي، بۇ بىچارە ئەجەپمۇ
قىينالدىغۇ ئاخىر» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

— ئوسمان، مېنى يۆلەپ قويۇڭە.

ئۇ ئايالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دەرهال هارۋىنى توختاتتى-دە، ئۇنى يۆلەپ ئېگىزرەك ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ ئايالىنىڭ پېشانىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن چېكە چاچلىرىنى مېهرىبانلىق بىلەن تۈزەشتۈرۈپ ياغلىقىنى چىرايلىق چىگىپ قويدى.

— پاتىگۈل، هارۋىنى بىردەم توختىتىپ تۇرايمۇ؟ ياكى...

— مېڭىۋېرەيلى.

باهار بىلەن ياشلىق بىر-بىرىگە ئەجەپ ئوخشايدۇ، باغلارمۇ باهارنى «كەتمە مەندىن» دەپ تىلىگەندەك، كىشىلەرمۇ ياشلىق دەۋرىنىڭ ئۇزۇنراق بولۇشىنى، گۈزەللىككە تولغان چاغلىرىنىڭ داۋام قىلىشىنى تىلەيدۇ، پاتىگۈل ئەتراپقا قاراپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدىمۇ قانداق، چېهرىدە كۈلكە ئەكس ئەتتى، لېكىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ، «كېلەر يىلى باهارنى كۆرەلەمدىمەن ياكى ئۆمرۈم قىسقا كېلىپ، باهار بىلەن مەڭگۈ خوشلىشارمەنمۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

توپىلىق يولدا هارۋا چاقى تىنىمسىز ئايلانماقتا. هارۋىدا چايقىلىپ ئولتۇرغان پاتىگۈل ئېغىر خىيالغا پاتقانىدى. ئۇ دوختۇرخانىغا پاتراق يېتىپ بېرىشنى، ساقىيىپ ئىككى ئوماق پەرزەنتى ۋە ئەمگەكچان ئېرى بىلەن بەختىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. هارۋا ئۆستەڭ بويىغا يېقىنلاشتى، يىراقتىن چوڭ كۆۋرۈك كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ياشلىق كەچۈرمىشلىرىنىڭ شاهىدى بولغان بۇ كۆۋرۈك، ئۆزىنىڭ ئوسمان بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇهەببەتلىك كۈنلىرىنى ئەسلەتتى.

× × ×

پاتىگۈل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىدە ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا قارىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە جىگدىلىك كەنتتىكى هاممىسىنى يوقلاپ ماڭدى. ئۇ يول بويى قانداقتۇر بىر ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتقاچ خۇشال هالدا ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كەلدى-دە، جايىدا چەپپىدەللا توختاپ قالدى. ئۇ دائىم ئۆستەڭدىن ئۆتىدىغان چوڭ ياغاچ كۆۋرۈك ئورنىدا ئىككى تال تېرەك ياغىچى تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدا داستىخاندا نان، چاي، قەنت-گېزەك بار ئىدى. شۇڭا پۇتىنى ئاستا-ئاستا سىپاپ بىر-بىرلەپ قەدەم بېسىپ مېڭىشقا باشلىدى. تېرەك ياغىچى دەسسىلىشىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنداق ئېهتىيات بىلەن دەسسەۋاتقان بولسىمۇ ياغاچنىڭ پۇتىقىغا پۇتلىشىپ مۇدۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ياغاچنى قۇچاقلاپ ئالغان بولسىمۇ پۇتلىرىنى ياغاچ ئۈستىگە ئالالماي ۋارقىراپ كەتتى.

— ۋايجان، ئادەم بارمۇ؟ — پاتىگۈل ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى.

شۇ ئەسنادا بىر يىگىت ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى-دە، ئۇنى چەبدەسلىك بىلەن تارتىپ قاشقا ئېلىپ چىقتى.

قىز ئاق سۈزۈك يۈزىدىكى مونچاق-مونچاق تەرلىرىنى ئېرتىپ، قوشۇلما قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرىنى يىگىتكە تىكىپ، بىلىنەر-بىلىنمەس بىر تەبەسسۇم ئىلتىپات قىلدى.

— هېلى مەن كەلگەندە ئەتراپتا بىرەر كىشىنى كۆرمىگەنىدىم. سىز نەدىن پەيدا بولدىڭىز؟ — دېدى پاتىگۈل ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باشتا ئېغىز ئېچىپ.

— مەن سىزنى كېلىۋاتقىنىڭىزدىلا كۆرگەنىدىم، مەن قويلارنىڭ ئارىسىدا ئىدىم. سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپلا يۈگۈرۈپ كېلىشىم.

— مىنداق دەڭ، ئەجەپلا قورقۇپ كەتتىم دەڭە.

يىگىت قىزغا سەپسېلىپ قاراپ كۈلدى.

«بۇ قىز مەن بىلەن تەڭلا تۇرىدۇغۇ، نېمىدېگەن ئېگىز، بەستلىك قىز بۇ» دەپ ئويلىدى.

— سىزنى بۇ ئەتراپتا دائىملا كۆرىمەن، سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار...

— ھە، بىز جىگدىلىك كەنتىدە ئولتۇرىمىز، رەھمەت سىزگە. ھېلى بەك قورقۇپ سىزگە جاپا سالدىم، سىز بولمىغان بولسىڭىز سوغۇق سۇدا راسا...

قىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئالدىراش كېتىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قارىسى يوتكىچە قاراپ تۇرغان بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزنى كۆرمىدى.

مانا شۇنىدىن بۇيان يېزىنىڭ يولىغا بىر تۈپ گۈل ئۈندى. ئۇ بۇ گۈلنى كۆرمەي، پۇرىماي تۇرالمايتتى. ئۇ ئىش قىلىۋېتىپ ئارىلاپ-ئارىلاپ يىراقتا نەزەر تاشلايتتى. قىزىل تۇۋار كۆڭلەك، ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلار كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن پاتىگۈل يەنە مۇشۇ يەرگە كەلدى. ئېتىزدىغا سۇ تۇتۇۋاتقان ئوسمان كەتمىنىنى تاشلاپ قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھارماڭ قىزچاق، ھامماڭىزنىڭ ئۆيىگە ماڭدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— بىز تونۇشقىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، سورىغاننىڭ ئەيىبى يوق، ئېتىڭىز نېمە؟

— ئېتىم يوق پىيادە. كۆردىڭىزغۇ دائىم پىيادە كېلىۋاتىمەنغۇ.

بۇ گەپتىن ھەر ئىككىلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىككىلەننىڭ كۈلكىسىدىن تاللىقلاردا ئويناۋاتقان قۇشقاچلار پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى.

— سىزمۇ تېخى ئىسمىڭىزنى دېمىدىڭىزغۇ ئەمەسمە؟ — قىز ياندۇرۇپ سورىدى.

— ھەي قىزچاق، ئەگەر سىزنىڭ ئىسمىڭىز زۆھرە بولسا، مېنىڭ ئىسمىم تاھىر، بولسا سىزنىڭ لەيلى، مېنىڭ بولسۇن مەجنۇن. ئەگەر بولسىڭىز شىرىن، مەن بولاي پەرھات.

پاتىگۈل يىگىتنىڭ قىزىق گەپلىرىدىن كۈلۈپ كەتتى.

— سىز بەك قىزىقچى ئىكەنسىز، قارىغاندا خېلى كۆپ كىتاب ئوقۇغان ئوخشىمامسىز؟

— ھەئە، ئاران باشلانغۇچنى تۈگەتەلىدىم. ئازراق يېزىشنى، كىتاب ئوقۇشنى بىلەتتىم، ئۇزۇن بولدى ئىش بىلەن بولۇپ خەت يېزىشنى ئۇنتۇپ كەتتىم. ئوقۇيالايمەن. — دېدى يىگىت خۇرسىنىپ قويۇپ.

— ھە، راست، ئىسمىڭىزنى تېخىچە دېمىدىڭىزغۇ؟

— ئوسمان.

— مېنىڭ ئىسمىم پاتىگۈل.

مانا مۇشۇنداق پاراڭلىشىش، مۇڭدىشىشلار كۆپەيگەنسېرى پاتىگۈلنىڭ ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە پات-پات بارىدىغان بولۇپ قالدى.

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتتى. يەنە ياز كەلدى. پاتىگۈل تازا قوزا چۈش ۋاقتى بىلەن ئۆستەڭ بويىغا كەلدى، قوغۇنلۇقتا ئىشلەۋاتقان ئوسمان قىزنى كۈتۈۋالدى، ئۇ پاتىگۈلنى 200 يىلدىن ئوشۇق ئۆمۈر كۆرگەن، ئالتە ئادەمنىڭ قۇلىچى يەتمەيدىغان سىدە توۋۇنگە باشلاپ باردى. بۇ جاي غۇر-غۇر شامالىق، جانغا راھەت ئىدى. ئۇ قىزغا ئاتاپ ئۈزۈپ قويغان ناشپەرنى تىلىپ قىزنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى ئېلىڭ، — دېدى ئوسمان پاتىگۈلگە قوغۇن سۇنۇپ، — شۇنچە ئىسسىقتا ھامماڭىزنىڭ ئۆيىگە مېڭىپسىز، بىرەر مۇھىم ئىش بارمىدى؟

قوغۇن تىلىمچىسىنى ئالغىچە قىزنىڭ

قولارى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى.

— ياق، بۇگۈن ھاممام بىلەن ئەمەس، سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم.

— مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىڭىز مۇ؟ راستىمۇ؟ — قىزنىڭ سۆزلىرىدىن تاسادىپىلىق ھىس قىلغان ئوسمان نىمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

ئوسمانىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى تارتىۋاتقان ئىشق ئازابى ئۆزىگىلا مەلۇم ئىدى. ئۇ پاتىگۈلنىڭ بۇ يولدىن ئۆتۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇغىرىۋاتقان، كەتمەن چېپىۋاتقان، قوش ھەيدەۋاتقان چاغلىرىدىمۇ ئۇنى ئويلايتتى، ئاھ، ئوتنىڭ ئۇچىدەك قىزىل كۆڭلەك، بوستاندەك ئۇششاق چاچلار، غوللىرىنى تىترىتىپ كۈلۈۋاتقان شوخ كۈلكىلەر، ئۇنىڭغا دائىم ھەمراھ ئىدى. بىراق، ئۇ پاتىگۈلگە زادىلا ئېغىز ئاچالمىدى.

ئوسمانىنىڭ ئائىلىسىدە بەش جان بولۇپ بىر ئاكىسى تېخىچە ئۆيلەنمىگەن، يەنە بىر ئاكىسىنىڭ خوتۇنى غېرىبەتچىلىككە چىدىماي قېچىپ كەتكەن، بۇ ئائىلىگە يېزىدىكىلەر قىزنى بەرمەيتتى. شۇڭا توي - تۆكۈننىڭ پارىڭى بولسىلا ئوچ ئوغۇل بىر - بىرىگە قارىماستىن «ئۇھ» تارتىشىپ سىرتقا چىقىپ كېتەتتى. ئۇ پاتىگۈلنىڭ جامالىغا تەشنا بولۇپ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئويلىسا مۇھەببەت شارابىنى ئىچىشكە، ئۆزى سۆيگەن قىزنى ئۆز باغرىغا ئېلىشقا ئالدىرايتتى. مۇھەببەت دېگەن غايىۋى ھېسسىيات، ئۇ ھامان رېئاللىققا ئايلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، مەيلى شاھ، مەيلى گاداي، مەيلى سەت، مەيلى گۈزەل بولسۇن ئۇ تۇيۇقسىزلا كىشى قەلبىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭ كىچىككىنە تېنىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇ شۇنداق تۇيۇقسىزلا كىرىپ كېلىدۇ، ئىنسان بۇنى ئاۋۋال يوشۇرىدۇ، كېيىن ئازابلىنىدۇ، ئاخىرى ئىخرار بولىدۇ. دېمىسىمۇ كەمبەغەللىكە مۇھەببەت مۇناسىپ ئەمەسمىدۇ؟

— بىزنىڭ ئۆيگە ئەلچى كەلدى.

— ئوسمان توك سوقۇۋەتكەندەك ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. قىزغا قاراپ:

— قاچان؟ ئۆيدىكىلەر نىمە دېدى؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى.

قىز سەل سىقىلغاندەك بولۇپ قىزىرىپ كەتتى، لەۋلىرىنى يېنىك چىشلىدى. كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوسمانغا قارىدى.

— بىر يىلدىن بېرى شۇلا گەپ، قۇلاقمېڭەمنى يەپ كەتتى. گۈڭشې كادىرى دەمدۇ، دوختۇر دەمدۇ، ھاكىمنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى دەمدۇ، كېلىۋاتىدۇ. ئانام تاللىق باغقا كىرىپ قالغاندەك ھەممىسىگە «ئويلىشىپ بىر نىمە دەيلى» دەپ مەندىن سورايدۇ. مەن جىم تۇرىۋالدىم، شۇڭا سىزنى بىرەر مەسلىھەت بېرەمدىكىن دەپ...

ھاياجاندىن ئوسمانىنىڭ قارامتۇل يۈزى قىزىرىپ كەتتى. كۆزلىرى ئوتتەك ياندى. ئۇ ئاستا پاتىگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى، ئاپئاق، تومپ، كىچىكلۈك بىلەكلەرنى سىلىدى، قىزنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. قىز ئىشەنچ، مۇھەببەت، تارتىنىش بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. قىزنىڭ مۇھەببەتلىك بېقىشى ئوسماننى جىددىيلەشتۈردى. بىر قىز شۇنچە جەسۇر، مەردانىلىق بىلەن ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈۋاتسا ئۇ يەنە نىمىگە قاراپ تۇرىدۇ، ئۇ قىزنى ئامبۇردەك قىسىپ ئۆز باغرىغا چىڭ باستى. قىزنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن بوستان چاچلىرىنى سىلىدى ھەم تويماستىن پۇرىدى. قىزدىن شۇنچىلىك تاتلىق ھىد كېلەتتى...

ئۇلار بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشىپ
ئولتۇرۇپ ۋاقتىنىڭ شۇنچە تېز ئۆتۈپ
كەتكەنلىكىنى سەزمىدى. يىراقتىن مىس
لىگەندەك قىزىرىپ پېتىۋاتقان قۇياش دەل -
دەرەخلەرنىڭ ئۈچلىرىنى قىزىللىققا پۈركىگەن،
يىراقتىن قىزىل شەلپەردەك تاۋلىنىپ
تۇرغان كۆل سۈيى ئۇلارغا شاھىد بولغان -
دەك قىزىرىپ تۇراتتى. ئۇلار سىدە تۇۋىدە
بىر - بىرىگە چىن ۋەدىلىرىنى بېرىشتى،
يېزىدىكى نۇرغۇن ئاشىق - مەشۇقلارغا ئوخ -
شاش ئۇلار سىدىگە قەلەمتۇراچ بىلەن ئىسىم -
لىرىنى ئويۇپ يازدى.

× × ×

ئۇلار توي قىلغىنى يېرىم يىلدىن ئاشتى.
پاتىگۈل قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىسىنىڭ
ئۆيىگە كېلىپ ئۆينىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقىنى
ئۈستىگە ئالدى. ئۆي ئىچى بوران ئۇچۇپ
تىزۇرغان، كونا كېسەكلەردىن توپا چۈشۈپ
تۇراتتى. ئۆيدە يوغان بىر سۇپا، بىرنەچچە
پارچە كىگىز، ئەسكى يوتقان، سامان تەكي
بۇ ئائىلىنىڭ بارلىق مۈلكى ئىدى. ئۇ
ئەتىگەندە دولقۇنغا چىقىش، قايتىپ كىرىپ
يوغان قازاندا ئۇماچ چېلىش، ئوت ئېلىش،
ئېتىزغا چىقىش بىلەن زادىلا تىنىم تاپمايتتى،
پەقەت ئاخشىمى كىچىككىنە ھۇجرىسىغا كىر -
گەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلار ئانچە - مۇنچە
پاراڭلىشىدىغانغا پۇرسەت چىقىرالايتتى. ئېرى
ئۇنىڭ يۈز - قوللىرىنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى
كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئېغىر ئۇھ
تارتىپ:

— سىزنى جاپاغا قويدۇم، خۇدايىم ياخشى
كۈنلەرمۇ كېلەر، بۇ يىل دارامەت ئالساق
ئۆزۈم بىر پۈكنى خەجلىمەي سىزگە بېرىمەن،
سىز يېڭى ئۆتۈك، ياغلىق ئېلىڭ. مەن
بىلەن توي قىلغىنىڭىزغا ئۆكۈنمەڭ، — دەپ
ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرەتتى.

— كىم يېڭى كىيىم كىيمەن دەپتۇ، بولدىلا،
سالامەت بولساق ياش بولغاندىكىن كىيەرمىز.
مېنى دېمەي ئۆزىڭىزنى ئويلاڭ، يېڭى
چاپىنىڭىزنى ئاكىڭىز كىيىۋاپتۇ، مەندە
ئازراق پۇل بار، چاپان ئېلىۋالامسىز - يە؟

— ياق، ياق، ئۆزىڭىز خەجلەڭ، مەن
دېگەن ئەر كىشى، يۈزماي ئېلىۋېلىڭ،
قوللىرىڭىزنى مايلاڭ.

ئۇ پاتىگۈلنىڭ قوللىرىنى سىلاپ، سۆيۈپ
قويدى. ياشلىق، يېڭى ئائىلە، تىنچ
مۇھەببەت قېيىنچىلىق، جاپا، يوقسۇزلۇق
ئۈستىدىن ھامان غالىب كېلەتتى، پاتىگۈل
بىلەن ئوسمان بىر پىيالە قۇرۇق سۇغا
زاغرا نان چىلاپ ئىچسىمۇ بىر - بىرىدىن
رازى ئىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ
پاتىگۈلمۇ بۇ ئۆينىڭ تۇرمۇشىغا كۆنۈپ
قالدى، ئوسمانمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر
ئېلىپ تۇرالمىدى. ئۇ يازلىقى ئېتىز - ئېرىق
ئىشلىرى بىلەن، قىشلىقى ئېرىق - ئۆستەڭ
چېپىش، ھاشار بىلەن يىراقلارغا كېتىپ ئايدا -
بىرنەچچە قېتىم كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا
بولىدىغانلىقىنى بىلىپ چەكسىز شادلىققا
چۆمەتتى. كەمبەغەل ئۈچۈن بالا دەردى —
دۇنيا، خۇشاللىق ۋە ھاياتنىڭ مەزمۇنى
ئىدى، بايلار مېلىڭ قانچە دەپ سورىسا،
كەمبەغەللەر بالاڭ قانچە دەپ سورايدۇ
دەمەسمۇ. ئايالىنىڭ ئېغىر ئاياغ بولۇشى
بىلەن تەڭ ئانىسى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ
قالدى، شۇنىڭ بىلەن پاتىگۈلگە زادىلا
ئاراملىق بولمىدى. ئۇ تۇغۇت ۋاقتى
يېقىنلاشقانسېرى تېنى ئاجىزلىشىپ كېتىپ
باراتتى.

ئالتۇن كۈز پەسلى يېتىپ كەلدى. ئېتىز -
ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنى ئالدىراشلىق بىلەن
خېلى بېسىقتۇرۇۋالغان ئوسمان ساقال -

بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىپ، تويىدا تىككۈزگەن دىكا ئىشتان ـ چاپىنىنى كىيىپ بازارغا چىقىدۇ.

ــ مېنى قاچان ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويىسىز؟ ــ دېدى پاتىگۈل ئېرىنى توسۇپ.

ــ بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى ئوسمان سەل ئەجەپلىنىپ.

ــ بۇغۇ مېنىڭ ئۆيۈم، لېكىن ئاييالار بىرىنچى تۇغۇتىنى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزىدۇ، ئېۇنىڭ ئۈستىگە ئانىمىزمۇ يېتىپ قالدى، ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتمىسەم بولماس. يا ئۆزۈم كېتىۋېرەيمۇ؟

پاتىگۈل ئېرىگە سەل رەنجىگەندەك قىلىپ سۆزلىدى.

ــ سىز كەتسىڭىز بىز قانداق قىلارمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانام شۇنداق ياتسا...

ــ ھە، ئانىڭىزنى ئويلايدىكەنسىز، لېكىن بۇ خوتۇن قانداق قىلار دەپ مېنى ئويلىمۇ قويمايدىكەنسىز، تۇغۇت دېگەن بىر جەڭ، ئاياللار ئۇ ۋاقىتلاردا بەك قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ، مېنى ئانامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويامسىز ـ يا...

ئوسمان بېشىدىكى دوپپىسىنى قېقىپ كىيدى ـ دە، ئالدىرىماستىن:

ــ بۇگۈنچە تۇرۇپ تۇرۇڭ، كېيىن مەسلىھەت قىلىمىدۇق.

ــ تۇغۇت دېگەن مەسلىھەت پىشقىچە ساقلاپ تۇرمايدۇ، بۈگۈن مېنى ئانامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ ئاندىن بازارغا بارسىڭىز بولمامدۇ؟

ــ يا ئاللا، ــ دېدى ئوسمان، ــ خوتۇن خەق دېگەننىڭ ئەجەپ غەلىتە تۇغمەيدىكەن، پەمنىمۇ ئادەمغۇ ئاخىر، بىر ئايدىن بېرى ئېتىزدىن كەلمەي ئىشلىدىم، بۈگۈن بازار ئويناۋېلىپ كېلەي دېسەم سىز ئۇنداق دەيسىز، ماقۇل دەڭە، بازاردىن كېلىپ

ئاپىرىپ قوياي.

پاتىگۈل جىمجىت تۇرۇپ قالدى. ئۇ، بىر تاقلاپ ۋەھىمىسىگە مىنىپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئېرىگە ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردى ـ دە، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۆيگە كىرىپ قېيىن ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، تاماق ئەتتى، ھېرىپ ئازراق ئارام ئالاي دەپ يېتىشىغا كېچىدىكىدەك يەنە تولغاق تۇتۇشقا باشلىدى. كۈن پېشىن بولدى. ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئاچچىق تولغاق ئازابىدىن ئۇگە ـ ئۆگىلىرى ئاجراپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتتى، ئۇ قورسىقى ئاغرىغانسېرى ئۆيدە تامنى تۇتۇپ ماڭاتتى، ھويلىغا چىقاتتى، تولغاق ئازابىغا چىدىماي كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش قويۇلدى.

ــ قىزىم پاتىگۈل، دۇئا قىلاي بالام، ماڭا بىر ئۇسۇزلۇق بەرسىلە.

ئۇ قېيىن ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ بىر قولتۇق چاۋارنى ئەكىلىپ چاي قايناتتى، قاچىغا چاينى قۇيۇپ ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەردى.

بىر نەچچە قوي ئېغىلدىن چىقىپ ھويلىنى پاراكەندە قىلىشقا باشلىدى، ئۇ قويلارنى ھەيدەپ قوتانغا سولىدى، ئەمدى زادىلا ماغدۇرى قالمىدى، بىر ئامال قىلىپ ئۆيگە كىرىۋالماقچى بولسىمۇ ماڭالماي قالدى، ئاخىرى تامنى تۇتۇپ ناھايىتى ئەستە ئۆيگە كىردى ـ يۇ، پەگادىلا يېتىپ قالدى...

ئۇ يېنىدا ئوسماننىڭ بولۇشىنى ياكى بىرەرسىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىنى كۈتەتتى، لېكىن كىم بار، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى، ئەمما بۇ جەڭدە چوقۇم ئۇ غەلىبە قىلىشى لازىم ئىدى، قوللىرى يەرلەرنى تاتلايتتى، تىرمىلايتتى، لېكىن ئۇ بارغانسېرى ھالىدىن كەتتى. ئۇ ئاۋازىنى چىقارماسلىققا تىرىشىپ لەۋلىرىنى چىشلەيتتى،

كېيىن بىردىنلا تېنى بوشىشىپ ئازابلىق مىنۇتلار ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا كۈچلۈك يىغا ئاۋازى — يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغاندەك، ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ بوگۈن باشلانغانلىقىنى جاكار-لايدىغاندەك، ھاياتقا سىگنال بېرىۋاتقاندەك ئاچچىق يىغلايتتى، ئوغۇل بالىكەن-دە، ئۇنى يېنىمغا ئەكەلسەم بولاتتى، بالام، جېنىم بالام سەن تەخىر قىل، بىرسى كىرىپ سېنى كۆتۈرىدۇ، ماڭا ياردەم بېرىدۇ، ئۇنىڭ لەۋلىرى پىچىرلىغاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ كۆز-لىرى ئازراقلا يۇمۇلۇپ قالدى، ھامان شۇنداق بولىدۇ، كىشىلەر ئۇزۇن سەپەردىن قايتقاندا، ھېرىپ-چارچاپ مەنزىلگە يەتكەندە مانا مۇشۇنداق شېرىن بىر ئۇيقۇغا چۆكىدۇ، ئۇ بىر مىنۇت بولسىمۇ كىشى ئاجايىپ لەززەتلىنىدۇ، بىراق پاتىگۇلنىڭ كۆزى يۇمۇلۇشى بىلەنلا ئىبارامسىزلاندى، ئۇنىڭ بەدەنلىرى، ئەتراپى قىپقىزىل قانغا تولغان-دەك قىلاتتى، ئۇ ناھايىتى تەستە كۆزىنى ئاچماقچى بولدى، مىڭ جىڭ تاشتەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ كۆزىنى ئاچتى. كۆزىگە ئۆي ئىچى ۋە كىچىككىنە دېرىزە ئورنىدىكى روجەكتىكى ئاق داكىمۇ قىزىل كۆرۈنەتتى، دېمەك، ناماز دىگەر ۋاقتى بولۇپتۇ-دە، شۇڭا قۇياشنىڭ نۇرى ئۆيلەرنى يورۇتسا كېرەك. شۇ تاپتا يېزا، قومۇشلۇق، كۆللەرمۇ قىزىرىپ تاۋلانغاندۇر، ئۇسمان بىلەن بىز بۇ مەنزىرىنى كۆپ قېتىم تاماشا قىلغانتۇق...

زادى قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن تاڭ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھەر خىل نەرسىلەر كۆرۈندى، بىر يوغان باش بىردە غەلۋىردەك چوڭلاپ ئۇنىڭ كۆزىگە چەكچىيىپ قارايتتى، بىردە ئۇزۇن شوتىدەك بولۇپ بېشى ئۇچ بۇرجەك كۆرۈنەتتى، ئەتراپىدا قوي سۈرەتلىك، مۇشۈك سۈرەتلىك جىنلار ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى، «يېزىدىكى كىشىلەرنىڭ جىن-شاياتۇن توغرىسىدا ئېيتقانلىرى راست ئوخشايدۇ-ھە، ئېمىشقا مېنى بوزەك قىلىدىغاندۇ...»

بىر ۋاقىتتا قۇلىقىغا ئاياللارنىڭ پىچىر-لاشلىرى، ئېرىنىڭ ئۆزىگە تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى، لېكىن ئۇ تېخىچە ھوشىغا كېلەلمىدى، قانداقتۇر كىشىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا سالدى بولغاي، ئۇ كالا ھارۋىسىدا سىلكى-نىپ ياتاتتى، بۇ ئىشلار ئۆڭىدە بولغانمۇ ياكى چۈشىدە بولۇۋاتامدۇ، بۇنى ئۇ بىلەلمەيتتى.

× × ×

ئۇ كۆزىنى ئاچقىنىدا ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان غەمكىن كۆزلىرىنى كۆردى. چىرايىدا خۇشاللىق ئەكس ئەتتى.

— جېنىم قىزىم، بەك جاپا تارتىپسەن، ھەرنېمە بولسا ھوشۇڭغا كەلدىڭ، مەن بەك قورقانىدىم، خۇداغا شۈكرى...

— ئانا، سىزنى جاپاغا قويدۇم، مەن سىزنى باقسام بولاتتى، لېكىن سىز مېنى دەپ جاپا تارتتىڭىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ بالام، بالا دېگەن ئانىنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ چىقىدۇ، مەن بەش بالا تۇغۇپ پەقەت بۇ دۇنيادا قالغىنى سەن تۇرساڭ، سېنى جېنىم تېنىمدە ئامان بولسىلا باقىمەن بالام، مەيلىڭگە بېقىپ نامرات ئائىلىگە بېرىپ سالغىنىمەن، ئەمدى...

— ئانا، پۇشايمان قىلماڭ، نامراتلىق گۇناھ ئەمەس، ياش بولغاندىكىن ئىشلەپ تاپارمىز.

ئانا ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەندە يۇمغاقسۈتنى سىقىپ سۈيىنى ئىچكۈزدى.

تەرخەمەكنى توغراپ شېكەر سېپىپ ئىچكۈزدى، يەتتە يولنىڭ دوقمۇشىدىن چاۋا تېرىپ ئىسرىق سالدى، يەتتە يەرگە ئوت يېقىپ ئوتتىن ئاتلاتتى، ياۋا كەپتەر، توخۇنىڭ شورپىسى بىلەن باقتى، ياشلىقنىڭ كۈچى غالىب كەلدىمۇ ياكى ئانىسىنىڭ قىلغان دورىلىرى پايدا قىلدىمۇ 15 كۈن بولغاندا ئوبدانلا ساقىيىپ قالدى. ئېرىمۇ ئارىلاپ كەچتە يوقلاپ كېلىپ تۇردى. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇسمان قول ياغلىقتا تۇخۇم، نان چىگىپ يەنە كەلدى، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن:

— ئەمدى ئېلىپ كەتسەم بولارمىكىن، ئۆينىڭ ئىچى بوراندا قالغاندەك بولۇپ كەتتى، ئانام بىچارىمۇ كۆز يېشى قىلىپ، سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى يەپ ئولتۇرىدۇ، ھەممە ئىسسىق ئىچىمگىلى بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىمىسىمۇ ئانامغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن خوتۇن، بېرىپ ئۆيدە يېتىڭ، — دەپ يېلىندى.

— بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانىسىنىڭ ئاچچىقىدىن ئۆتى تاشقىدەك بولۇپ كەتتى.

— بالام، نېمە دەۋاتىسىلا، پاتىگۈل ئۇ ئالەمگە كەتكىلى تاس-ماس قاپتۇ. سىلىگە خوتۇن لازىم بولسا ماڭا بالا لازىم، ئەمگەنمەي ① يەنە گەپ قىلىۋاتىسىلا، مەن ئۇنىڭ قىرقىنى توشقۇزۇپ، بۆشۈك جابدۇپ ئاندىن سىلىگە قېتىپ بېرەي، رەنجىمەي بىر ئامال قىلىپ ئۆتۈپ تۇرۇڭلار، بۇنداق دېسەم خاپا بولمىسىلا، قىزىمنىڭ ھالىدىن سىلەر خەۋەر ئالماقتا يوق، قىزىم سىلەرنى كۆتسە بولماس، قايتىپ كەتسىلە، — دېدى.

ئۇسمان بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي ئېغىر ئوھ تارتقىنىچە قايتىپ كەتتى. بىچارە پاتىگۈلنىڭ ئېرىگە ئىچى ئاغرىدى، لېكىن ئاپىسىنىڭ دېگەنلىرى ھەقىقەت بولغاچقا ئۈنچىقمىدى.

ئۇسمان ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە غىپپىدە يەنە ئۆيگە پەيدا بولدى، بۇ ۋاقىتتا پاتىگۈلنىڭ ئاپىسى بىر ياققا كەتكەچكە ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ئىدى، ئۇ پاتىگۈلگە يېلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، بالا بىلەن ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيگە بارغان كۈندىن تارتىپ بېلىنى چىڭ باغلاپ ھەممە ئېغىر-يېنىك ئىشنى قولىغا ئالدى. ئۇ تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىگەچكە ئۇزۇن ئۆتمەيلا كېچىلىرى يۆتىلىپ چىقىدىغان، ھاسىرايدىغان بولۇپ قالدى. پاتىگۈل بىر كۈنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بالىنى كۆتۈرۈپ باردى، ئانا ئۇنى ھەر ۋاقىتتىكىدەك كۈتۈۋالدى. كېچىچە مۆكىداشتى، ئەتىسى دوختۇرغا كۆرسەتتۈردى:

— ئۆپكىسىگە سوغ ئۆتۈپتۇ، ئازراق دورا، ئوكۇل قىلساق ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى ۋە بىر ھەپتىلىك دورا، ئوكۇل بەردى.

پاتىگۈل دوختۇرنىڭ گېپىنى ئەمدى ئاغزىدىن چىقىرىشىغا ئۇسمان:

— بولدى خوتۇن، يۆتەلگە دورا ئىچمىسىمۇ ساقىيىپ كېتىدۇ، دادام 20 يىلدىن بېرى يۆتىلىپ يۈرىدۇ، ئۆلۈپ قالمىدىغۇ، سىزمۇ ئۆگىنىپ كېتىسىز، — دېدى. بىر تەرەپتىن قېيىن ئانىسىمۇ گەپكە ئارىلىشىپ:

— ۋاي قىزىم، دېھقاننىڭ جېنى چىڭ بولىدۇ، بىز كىچىككىنە بىر يېرىمىز ئاغرىسا دورا ئىچىدىغان شەھەرلىكمىدۇق، مانا مەنمۇ ئاللا دەپ ياتىمەن، دورا ئىچمىدىم، بۇندىن كېيىنمۇ ئىچمەيمەن، دورا دېگەن ھالالمۇ-ھارامۇ كىم بىلىپتۇ، مەھەللىدىكىلەر دورا دېگەننى تۇڭگۇزنىڭ يېغىدا، ئىتنىڭ

① بۇ يۇرتتا ئەيمەنمەي دېگەن گەپنى ئەمگەنمەي دەپ ئاتىشىدۇ.

كۆشىدە، بالىنىڭ ھەمرىيىدە ياسايمىش دەيدۇ. بۇ دۇنيادا جاننى دەپ ھەرقىسما نەرسىنى يېگەن بىلەن ئادەمنىڭ ئىمانى يوقايدۇ، — دەپ بىر تاغار سۆزلەپلا كەتتى.

پاتىگۇل كىتابتىن خېلى نۇرغۇن بىلىملەرنى ئوقۇغان بولسىمۇ يېزىدىن باشقا جايغا بېرىپ باقمىغاچقا خەت ساۋاتى بارلىقى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلەنسىمۇ، ئاڭلاش، ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش بىلەن چەكلىنەتتى.

× × ×

ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتتى. ئوسماننىڭ ئىككى ئاكىسى توي قىلىپ ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئوسماننىڭ ئانىسى ئورۇقلاپ ھالىمدەك قۇرۇپلا كەتتى، ئوسماننىڭ دادىسىمۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. پاتىگۇل قېيىن ئانىسىنى كۆتۈرۈپ باغقا ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىنى تۈگىتەتتى. قېيىن ئاتىسىنىڭ يېنىغا قۇم ئەكىلىپ قويۇپ ئاستىنى تازىلايتتى. ئۇ كېسەل بېقىش، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش، ئۇلاغلارغا قاراش بىلەن بىردەممۇ تىنىم تاپمايتتى. بۇ ۋاقىتتا ئوسماننىڭ 50 مو يېرى، بىر ئېتى، 50 تىن ئوشۇق قويى، 200 دىن ئارتۇق توخۇسى ۋە ئۈچ مو يەردە بېغى بولۇپ، يېزىدىكى ئوتتۇرھال ئائىلە ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئوسمان ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدىن زادىلا بوشىمايتتى. لېكىن ھەر بازار كۈنى بازارغا بېرىشنى، ئۇنى-بۇنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ بازاردا «سوپەك» لەرنى كۆرسە، يۈرىكىگە ئوت كىرىۋالغاندەك بولۇپ «خەپ، مەنمۇ بىرنى ئېلىۋالسام قانداق بولاتتى-ھە...» دەپ ئۇنىڭغا تويماي كۆز تىكەتتى.

پاتىگۇل ئىككىنچى تۇغۇتىدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرالمىدى، چۈنكى ئائىلىدە ئىككى كېسەل كىشى ياتقان، ئوسمان ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ئۇ بۇ قېتىم زادىلا يېتىپ ئارام ئالالمىدى ھەم تۇغۇت ئىچىدە زۇكاملاپ، قىزىپ، تەرلەپلا چىقتى. بىر كۈنى كېچىسى پاتىگۇل ئوسمانغا:

— بىر-ئىككى قوي سېتىپ پۇل قىلىپ بەرسىڭىز، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقسام مۇمكىن، — دېدى.

ئوسماننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ جىمجىت يېتىۋالدى. راست، ئوسماننىڭمۇ ئويلاۋاتقانلىرى، ئارزۇلىرى بار ئىدى. ئۇ بۇلتۇر پاختا ساتقان، ئاشلىق ساتقان پۇلدىن بەش مىڭ يۈەننى بانكىغا قويغانىدى. ئۇ يەنە شۇنچىلىك پۇل تاپالىسا «سوپەك» تىن بىرنى سېتىۋالسا مۇرادى ھاسىل بولاتتى. ئۇنى سېتىۋالسا قىغ توشۇش، خامان تېپىش ۋە قىشتا ئانچە-مۇنچە كىرا توشۇش ئارقىلىق يەنە ھاللىنىۋېلىشنى ئويلايتتى، ئۇ بىر يىل چىشىنى چىشلەپ جاپا تارتسام، ئاندىن كېيىن تاپقان پۇلنى ئۆيگە، ئاتا-ئانام ۋە ئايالىمنىڭ كېسىلىگە سەرپ قىلسام...

— ھەي، مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتسام، سىز ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— بەك ھېرىپ كېتىپتىمەن خوتۇن، سىزمۇ ئۇخلاڭ، — دەپ ئوسمان يېنىغا ئۆرۈلۈپ ياتتى. ئاخىرى بولماي پاتىگۇل بۇ ئويىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئانىسىغا دېدى. ئانىسى ئۇنى دوختۇرغا ئاپاردى. دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— تېزرەك داۋالىنىڭ، ياخشى ئوزۇقلىنىڭ. سىل بولۇپ قاپسىز، يېرىم يىل ئوبدان ئوزۇقلىنىپ دەم ئالسىڭىز ساقىيىپ كېتىسىز، — دەپ ئازراق ئوكۇل، دورا بەردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە بېرىۋېدى، ئۇنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزدى. ئانىسى ئۆزىنىڭ تويلۇقىدا ئالغان ئالتۇن زىرىسىنى 400 يۈەنگە سېتىپ دوختۇرخانىغا تۆلىدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتەر-ئۆتمەيلا ئوسمان يۈگۈرۈپ كەلدى:

— خوتۇن قوپۇڭلا. ئۆيگە بارمىساڭلا بولـ
مىدى. ئانىمىز ئۇ دۇنياغا بىزنى تاشلاپ كەتتى.
ئۇنى بىرەر كۈنمۇ باقالمىدىم، ئۆلەيدىغان
چېغىمدا باردەك ئېتىزدىن كېلەلمىدىم. ئىسىت
ئانام، ئىسىت ئانام...

ئوسمان خۇددى كىچىك بالىدەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. بۇ قارا قىش مەزگىلى بولۇپ، قاتتىق شىۋىرغان بولۇۋاتاتتى. پاتىگۈل ئات هارۋىسىدا ئۆيىگە قايتتى. قېيىن ئانىسىنىڭ ئۈچ، يەتتە نەزىرسىنى قىلىپ بولۇپ 38 كۈن بولغاندا قېيىن ئاتىسى ئۆلۈپ كەتتى. قېيىن ئانىسىنىڭ قىرقىسى بىلەن قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۈچ نەزىرسىنى بىراقلا بەردى. دېھقانلار ئېيتقاندەك «ئۆلۈك نەگە بارىدۇ دېسە، پۇلى بارنىڭ پۇلىنى چاچقىلى، پۇلى يوقنىڭ ئەيىبىنى ئاچقىلى» دېگەندەك، ئۇلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتقىچە چىشىنىڭ كاۋىكىدا ساقلىغان ئازغىنە پۇللىرىدىنمۇ ئايرىلدى.

1986-يىلى باهاردا ئۇلار دېھقانچىلىقنىڭ پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، 10 مو يەرگە سۇلياۋ يۇپۇق يېپىپ كېۋەز، بەش مو يەرگە قوغۇن، 30 مو يەرگە بۇغداي، 50 مو يەرگە قوناق تېرىدى. هاۋارايىنىڭ ياخشى بولۇشى ۋە ئاران تاپقان دانچە ئوغۇتنىڭ پايدىسى بىلەن زىرائەتلىرى ناهايىتى ئوخشىدى. ئوسمان زىرائەتلىرىگە قاراپ بۇرۇتىنى سىلاپ:

— پاتىگۈل، بۇ يىل كېۋەز بىلەن ئاشلىقتىن هوسۇل ئېلىۋالسام خۇدايىم بۇيرۇسا بىر تراكتور سېتىۋالىمەن. ئاندىن سىزگە ئىككى توقماقنى بېرىمەن. ئىككىمىز بىللە ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئويناپ كېلەمىز. نېمە ئېسىل بولسا شۇنى ئېلىپ بېرىمەن، ماقۇلمۇ؟

پاتىگۈلنىڭ شادلىقتىن چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى-دە، ئېرىنىڭ دولىسىغا بېشىنى قويدى. ئۇ ئەركىلەپ تۇرۇپ:

— راستىنلا ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بارامسىز؟ ئېخچە ئاۋاتنىڭ بازىرىغىمۇ بېرىپ باقمىدۇق، پۇل كىرگەندە مېنى يەنە ئالداپ قويماڭ جۇمۇ.

— ئىشىنىڭ، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، مېنىڭ جاپايىمنى كۆپ تارتتىڭىز، بۇنى چوقۇم تۆلەيمەن، سىزنى قوي بوردىغاندەك بوردايمەن.

— ئىشىنىمەن.

ئۇلار بۇغداي ئورمىسىنى تۈگىتىپ، خامانىنى ئېلىپ بولغان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ يامغۇر يېغىپ كەتتى، كېيىن مۆلدۈرگە ئايلاندى. ئاۋۋال تېرىقتەك، دادۇردەك، قاقتەك، ياڭاقتەك چوڭلاپ، ئاخىرىدا مۇشتۇمدەك چوڭلاپ كەتتى. ئېتىزدا ئوتلاۋاتقان قوي-كالىلار، ئاتلار ئېغىر يارىلاندى، بىر قىسىم كىچىك ماللار ئۆلۈپ كەتتى. پادا بېقىۋاتقان 8-ياشلاردىكى بالىلارنىڭ باشلىرى يېرىلىپ، يۈز-كۆزلىرى قانغا بويالدى. يېزىدىكى تال سۆگەتلەرنىڭ شاخلىرى سۇنۇپ يالىڭاچلىنىپ قالدى. كېۋەزلەر پۈتۈنلەي نابۇت بولدى، يەرگە باشقا زىرائەت تېرىشقا بولمىدى. ناهىيىلىك پارتكوم، خەلق هۆكۈمىتى قەنت، ماي، ئاشلىق ئەكىلىپ بۇ يەردىكى دېھقانلاردىن هال سورىدى.

بۇ زەربىگە چىدىيالمىغان ئوسمان بىر كېچە-كۈندۈز ئېتىزدىن نېرى بارماي، قىر بېشىدا ئاچچىق تاماكا چېكىپ، ئەلەم بىلەن يوشۇرۇن ياش تۆكتى. لېكىن ئازاب، خاپىلىق بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. يېزىلاردا گاهى سۈنئىي ئاپەت، گاهى تەبىئىي ئاپەتلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەت باشقىلارنىڭمۇ بېشىغا كەلدى-دە. ئۇ يىلى سوققان چوتلار

نۆلگە باراۋەر بولدى. لېكىن بۇغداي بىلەن جان ساقلىغىلى، تويۇنغىلى بولىدۇ. كېيىنكى يىلى ئۇلار كېۋەز، بۇغداي، قوناقتىن مول ھوسۇل ئالدى. پەقەت قوغۇنلا 1500 يۈەنگە ياردى، ئۇلارنىڭ سېگى ئاشلىققا تولدى. پاتىگۇلمۇ تېتىكلىشىپ قالدى، ئېتىزنىڭ ئاخىرقى ئىشلىرىدىن يەنە پاختا تېرىش ئىشىلا قالدى. ئوسمان ئىككى ئايالنى ياللاپ پاختا تېرىۋاتاتتى. چۈنكى بىرىنچى قېتىملىق پاختىنىڭ باھاسى سەل ئۆرلەرەك بولغاچقا، بۇ رۇنراق سېتىشنى ئويلايتتى، پاتىگۇل ئۇلارغا ئوبدان گۆشلۈك تاماقلارنى ئېتىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى ئاش ۋاقتى بىلەن ھويلىغا چىقىپ، ھويلىغا دۆۋىلەپ قويغان قوناقلاردىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. «ئاپلا، قوناق قىزىپ كېتىپتۇ» دەپلا، ئىشنى قويۇپ قوناق سويۇشقا باشلىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئانىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن 15 كىشىنى چاقىرىپ كېلىپ، قوناقلارنى سويۇپ ئۆگزىگە يېيىتتى. ئۇنىڭ ئەمدى كۆڭلى خاتىرجەم بولدى؛ قىشىچە ئانچە-مۇنچە يۆتىلىپ ھاسىراپ يۈرگەن بولسىمۇ يېتىپ قالمىدى.

بۇ يېزىدا ھەر يىلى نورۇزدا ئاجايىپ قىزىق ئويۇن-تاماشا بولاتتى. بۇ مەزگىلدە چېلىشىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنلىرى بىر ھەپتىگىچە داۋام قىلىدۇ، يىل بويى ھېرىپ-چارچىغان، ئويۇن-تاماشا سېغىنىپ كەتكەن دېھقانلار كۆڭلى-كۆكسى قانغۇچە ئوينىۋالىدۇ-دە، كېلەر نورۇزغىچە پەقەت شۇ توغرۇلۇقلا پاراڭ سېلىشىدۇ. ئوسماننىڭ ئات بېقىشقا ئامراق، ئۇ ھەر يىلى ئات بەيگىسىگە، ئوغلاق تارتىشقا قاتنىشاتتى. بۇ يىلمۇ ئۇ بۇنىڭغا ئالاھىدە تەييارلىق قىلدى، قاپقارا،

ئاق قاشقىلىق ئېتىنى يۇيۇپ-تاراپ، يېڭى ئاق تۇماقنى قىستۇرۇپ كىيىپ، بۇرۇتىنى تولغاپ شۇ ئويۇنغا مېڭىش ئالدىدا:

— پاتىگۇل، كىيىنىڭ. سىز گە تاماشا كۆرسىتىپ كېلەي، — دېدى. لېكىن پاتىگۇل بېشىنى چايقاپ:

— مەن خاپا بولمايمەن، سىز بالىلارنى ئانامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئوبدان ئويناپ كېلىڭ، — دېدى. ئوسمان ئەجەبلەنگەندەك قىلىپ:

— ھەر يىلى مەندىن بەك ئالدىرايتتىڭىز، ئەمدى ...

— مېنىڭكىمۇ ئوتتەك بارغىم بار، سەل زۇكاملاپ قاپتىمەن. شۇڭا ئۆيدە ئىسسىق يېتىپ دەم ئالاي. مانا 30 يۈەن پۇل، يېنىڭىزغا سېلىۋېلىڭ، بولۇپ، كەچ قالمىسىز.

ئوسمان قىزىنى ئاتنىڭ ئالدىغا، ئوغلىنى كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ يېزىغا قاراپ كەتتى. پاتىگۇل ئوچاققا ئوتۇننى دۆۋىلەپ سېلىپ چۆگۈننى ئاستى، چاي قاينىغاندىن كېيىن، ئالدىرىماي چېيىنى ئىچىپ، ئوچاققا يېقىن جايغا ئورۇن سېلىپ ئۇخلاپ قالدى: ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئاغزىدا ئازراق قان ئۇيۇپ قالغانلىقىنى، ئىچى ئېلىشىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ كۈنى ئوسمان ئۆيگە كىرگەندە پاتىگۇلگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېلىشىپ، چىرايى تاتىرىپ، ئاران-ئاران دەم ئېلىپ ياتاتتى. شۇئاردا بىرنەچچە ئايالنى چاقىرىپ كېلىۋىدى، ئۇلار پاتىگۇلنى موللامغا ئوقۇتۇپ باقايلى، دېيىشىپ، بىردەمدىلا بىر موللىنى چاقىرىپ كېلىشتى. بۇ مۇشۇ يېزىدىكى «موللام» ئىدى. موللام ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇغاندىن كېيىن:

— بۇ ئايال ئۇخلاپ قالغاندا ئۆپكىسىنى جىن ئېلىپ قېچىپتۇ، شۇڭا دەرھال قان

قىلىپ داۋالايمەن، بىر قىزىل خوراز تېپىڭلار، — دېدى.

خورازنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ قېنىنى پاتىگۈلنىڭ دۈمبىسىگە ئېقىتتى، ئاندىن بىر - ئىككى قېتىم ئوقۇپ، پۈتۈن بەدەنلىرىنى تۇتۇپ قويدى. ھەپتە - ئون كۈن ئىچىدىغان «دېمىدە» تەييارلاپ بەردى. ئۇنى ھەر كۈنى سەھەردە ناشتىلىقتا ئىچىشنى بۇيرۇدى.

ئەتىسى پاتىگۈل ئۆزىنى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. كەچكىسىنىڭ تارتىشىپ ئاغرىشى قويۇپ بەرگەندەك قىلاتتى. لېكىن ناشتىدا ئىچكەن مۇزدەك «دېمىدە» سۇيى ئۇنىڭ يۆتىلىنى ئايىتتۇۋەتتى.

ئازىدىن ھەپتە ئۆتكەندە «بۇ يېزىدىغا ئۇستا پىرىخون كەپتۇمىش، بەك ئۆتكۈر ئىكەن، ئۇنى ساقايتىپتۇمىش، ماگىلىمىغان بىر كېسەلگە ئوقۇپ، پىرى ئوينىتىپتىكەن، ئەتىسى مېڭىپ كېتىپتۇمىش» دېگەن سۆزلەر تارالدى. پاتىگۈلنىڭ بېشىدا قاراپ ئولتۇرغان ئانىسى شۇ پىرىخوننى تېپىپ كەلدى.

ئۇ، يىراقتىن كەلگەن موللا بولۇپ، پاتىگۈلنىڭ تىلى ۋە كۆزلىرىگە قاراپ بېقىپ ھەسرەت بىلەن باش چايقىدى - دە:

— بۇ ئايالنىڭ كېسىلى ئاينىپ قاپتۇ. ئۇخلاپ قالغاندا يالغۇز قاپتىكەن، ئۆپكىسىنى جىن ئېلىپ قېچىپتۇ. شۇڭا بىر قارا ئوغلاقنى قان قىلىپ ئوقۇيمەن، ئوغلاقنىڭ ئۆپكىسىنى قاقساق، بىر قېتىم پىرى ئويناتساق سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆيگە پىرى ئوينايدىغان ئارغامچا تارتىلدى، ئوغلاق «ئوغرى ئالدى» ① قىلىپ ئوغرىلاپ كېلىندى. ئۆيگە ئادەم لىق توشتى. بۇ يېزىدىكى كىشىلەر قايسى ئۆيدە پىرى ئويناتسا كىرىپ كۆرۈشكە ئادەتلەنگەچكە، كىنو كۆرگىلى كىرگەندەك كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

پىرىخون بويى ئاران بىر مېتىر قىرىق سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بىر پەتەك بولۇپ، يۈزى خۇددى ھاۋانچا تېشىدەك سوزۇنچاق، ئېڭىكى يالاڭدەك ئۇچلۇق، قوش بۇرۇن، ئۆچكە ساقال كىشى ئىدى. ئۇ ئۇستىگە ھوشۇقىغا كېلىدىغان مەللەرەڭ تون، بېشىغا بويىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە يوغان سەللە ئورىغان كىشى بولۇپ، پۇتىغا ئۇچى ماكچىيىپ، قونچى تولغىشىپ كەتكەن مەسە كىيگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ چاشقان كۆزى ھىيلىگەرلىك ۋە ئاچكۆزلۈك بىلەن پىلدىرلاپ تۇراتتى. ئۇ ئايەتنى ئوقۇپ پاتىگۈلنىڭ يۈزىگە «سۈپ - سۈپ» لىگەندە، پاتىگۈلنىڭ يۈزىگە، كۆزلىرىگە ئۇنىڭ لەۋلىرى، ساقاللىرى تېگىپ كېتەتتى. بەدەنلىرىنى تۇتۇپ جىنىنى قوغلاۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ قوللىرى ئايالنىڭ كۆكسىلىرىدە، بەللىرىدە شۇنچە ئىتتىك ھەرىكەت قىلاتتى...

ئوغلاقنى سويۇپ ئۆپكىسىنى ئېلىپ كىرگەندە ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، قاراڭغۇ قازناقتا ئەكىرىپ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئوغلاقنىڭ ئۆپكىسى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە، كۆكسىلىرىگە ئاستا - ئاستا ئۇراتتى. سوغۇق ئۆي، سوغۇق ئۆپكە بەدەنگە تەگكەندە پاتىگۈل ئەندىكىپ كېتەتتى....

ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ خەنجەر بىلەن داۋالىدى. پىرىخون ئىككى خەنجەرنى كۆتۈرۈپ، پاتىگۈلنىڭ غولىغا ئاران - ئاران تەگكۈزەتتى، پاتىگۈل باغلانغان تۇغنى ئايلىنىپ يۈگۈرەيتتى. ئۇ چىلىق - چىلىق

① پىرى ئويناتقاندا باشقىلارنىڭ مېلىنى ئوغرىلاپ كېلىپ، ئەتىسى دېگەن باھادا پۇل تۆلەيدۇ.

سۇغا چىلىغانىدەك تەرلەپ ھاسىراپ-ھۆمىدەپ كەتتى...

تۇرت داپەندى قوشاق قېتىپ توۋلاۋاتقان ئاۋازى كېسەكلىك تاملاردىن ھالقىپ يىراقلارغا ئاڭلىناتتى.

«مەن داخان ئوقۇيمەن،
جىنىغا توقام توقۇيمەن.
جىن سەكرىسە سەكرىسۇن،
مەن سەكرىمەي ئوقۇيمەن».

بۇ ۋاقىتتا پىرىخۇن تۇغقا (يوغان ئارغامچا) ئېسىلىپ ھەدەپ پىرقىرايتتى، ئۇ بارلىق ئاۋازى بىلەن توۋلاپ، داپ-لىرىنى داراڭشىتىۋاتقان داپەندىلەرنى ھەدەپ ئالدىماقتا ئىدى. پاتىگۈل ماغدۇرسىزلىنىپ تۇغدىن يەرگە ئەسكى لاتا شامالدا ئۇچۇپ چۈشكەنىدەك «گۈپ» لا قىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كەتتى، بىر ۋاقىتتا ئۇ قان قۇستى. پىرىخۇن دەرھال ئۇنىڭ يۈزىگە مۈزدەك سۇ سېپىپ سەگىتتى-دە:

— مانا ئەمدى ئوبدان بولدى، پىرى ئوقۇپ جىننى قوغلىدۇق، جىن ئىچكۈزۈپ قويغان سۇلار قان بولۇپ يېنىپ كەتتى،— دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر قانچە قېتىم پىرى ئويناتتىمىش، كەتمەن بېسىتمىش، ئۆپكە قاقتۇ-رۇشلار بولدى، لېكىن پاتىگۈلنىڭ ھالى كۈندىن-كۈنگە خارابلاشتى. پاتىگۈل ئورۇق-تۇغقانلىرىغا، ئېرىگە:

— مېنى دوختۇرغا ئېلىپ بېرىڭلار، كۆزۈم ئوچۇق بۇ دۇنيادىن ناھەق كەتمەي يەنە،— دەپ يىغلاپ تۇرۇپ يېلىنىدى. ئاتا-ئانىسى:

— ۋاي بالام، ئاللا سالغان كېسەلنى ئۆزى ئالىدۇ، كېسەل دېگەن پاتتىلاپ كىرىپ مىسقاللاپ چىقىدۇ. ناشۈكۈر بولماستىن ئاللا دەڭ، ئۆزى بىر نېمە دەيدۇ،— دېسە، قولۇم-قوشنىلىرى:

— سىل كېسەل دېگەن سۆرەلمە كېسەل. قېنى، يېزىدا 10، 20 يىل بولغان كېسەللەر بار، ساقايدىمۇ؟ ساقايمايدۇ. ×× خان ۋىلايەتكە بېرىپ مىڭ يۈەن خەجلىگەن. بۇ يىل يەنە يۆتىلىپ يۈرمەمدۇ،— دېيىشتى. يەنە بەزى قوشنىلىرى:

— پاتىگۈل، ئاڭلىسام دۇنيادا ئۆپكە كېسەلگە چامغۇردىن ئارتۇق دورا يوقمىش. چەت ئەللەردە پەرەڭلەر چامغۇرنى بەك قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ يەيمىش. ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن تۇغقىنىمىز شۇنداق دەيدۇ. قورۇغان تاماق يېمەي، چامغۇر سالغان سۇيۇقئاش ئىچسىلە،— دېيىشتى.

ئاھ خۇدا، نادانلار كىشىلەرگە مەسلىھەت بېرىشكە، ئەقىل كۆرسىتىشكە نېمانچە ئامراق-تۇر-ھە! ئۆزى بىلمىگەن ئىشنى نېمىشقا كىشىلەرگە دەيدىغاندۇ. ئاللا نادانىڭ، ساۋاتسىزلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغىلى نېسىپ قىلمىسۇن ئاخىر.

شۇنداق قىلىپ پاتىگۈل گۆش، ماي، تۇخۇ، تۇخۇمدىن ئۆزىنى تارتىپ، قورۇماي قۇرۇق سۇيۇقئاش ئىچىش بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئاخىرى ئۇ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى پۈتۈن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يىغىلغاندا پاتىگۈل ئاران-ئاران تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇلارغا كۆز تىكتى:

— ئۇرۇق-تۇغقانلار، قولۇم-قوشنىلار بۈگۈن ئۆيگە يىغىلىپسىلەر. بەلكى مېنىڭ كېسىلىمدىن ئەنسىرەپ بۇ يەرگە يىغىلغانسىلەر. مەن ئۆلۈپ كېتىدىكەنمەن دەپ ئويلاپ كەتمەيمەن، ھەممە ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ، لېكىن ناھەق ئۆلۈپ كەتمەي. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان سىلەر دېگەن ھەممە

ئىشقا كۆندۇم. سائەرنىڭ سۆزۈڭلەرگە ھۆر-
مەت قىلدىم. بىر تەلىپىم بار، شۇنىڭغا
ماقۇل دېسەڭلار، خۇش بولۇپ كەتسەم...

ھەممەيلەن پاتىگۈلنىڭ ئاغزىغا قاراشتى.
مۇشۇ تاپتا جاھاننىڭ ئۇ چېتىدە بىر نەرسە
داۋا ئىكەن دېسە، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەكىلى-
دىغان كىشىلىرى ئۇنىڭغا «دېگىن، نېمە
دېسەڭ قىلىپ بېرىمىز» دېگەندەك قاراپ
تۇرۇشاتتى.

— كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا مېنى دوختۇرغا
ئاپىرىڭلار، دوختۇرغا بېرىپ ئۆلۈپ كەتسەم
ئارمىنىم يوق. تۇغقانلار، يىغلىماسڭلارمۇ
بولىدۇ. بۇ مېنىڭ ئاخىرقى تەلىپىم.

× × ×

ئات ھارۋىسى يېزىلىق دوختۇرخانا
ئالدىدا توختىدى. پاتىگۈلنى يېزا دوختۇر-
خانىسى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا، ناھىيىلىك
دوختۇرخانا ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يوللاپ
بەردى.

ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا رېنتىگېنگە ئالدى،
سۈرەتكە تارتتى، قان تەكشۈردى. ئاخىرى
ئۈچىنچى كۈنى دوختۇر ئوسماننى ئىشخانى-
سىغا چاقىرىپ ئەكىردى.

— ئايالىڭىزنىڭ كېسىلى ئېغىر، داۋالاش
تەس،— دېدى كۆزەينىكى ئاستىدىن قاراپ.

— دوختۇر، مېنىڭ ئىككى بالام، ئۆيۈم
بار، خوتۇنۇم بولمىسا بالىلارنى كىم
باقىدۇ، ئۆيگە كىم قارايدۇ؟ شۇڭا سىلى بىر
ئىلاجى قىلسىلا دوختۇر، سىلىدىن تىلەي،—
دېدى ئۇ زارلىنىپ.

دوختۇرنىڭ چىرايىدا ئەجەپلىنىش، رەنجىش
ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى، ئالدىدىكى بۇ
نادان ئادەمگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

بۇ دوختۇر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا ئۆپكە
كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ھەم
ۋىلايەتلىك ئۆپكە كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش - داۋالاش تەتقىقات ئورنىنىڭ مەس-
ئۇلى ئىدى. ھەر يىلى دوختۇرخانا ماشىنىغا
رېنتىگېن، سۈرەتكە ئېلىش ئۈسكۈنىلىرىنى
ئېلىپ يېزىمۇ - يېزا داۋالاشقا باراتتى.
ئۆپكە كېسەللىرىنىڭ سانىنى، داۋالاش ئەھۋا-
لىنى پىششىق بىلەتتى. كىشىلەر بەس - بەس
بىلەن كۆرۈنۈشكە كېلەتتى، ئەمما بۇ يېزى-
دىكىلەر بولسا كۆرۈنۈشكە كەلمەيتتى،
سۆكۈۋالاتتى. گاھى كىشىلەر «رېنتىگېنگە
چۈشسە ئادەمنىڭ قۇۋۋىتىنى تارتىپ كېتەر-
مىش» دېسە، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر
«ئاللا بەرگەن كېسەلنى ئۆزى ئالىدۇ،
بەندە نېمە قىلالايدۇ» دېيىشەتتى. شۇنداق
قىلىپ ئۇلار دوختۇرلاردىن قېچىپ يۈرەتتى.
ئەگەر بىرەر ئۆيدە ئۆپكە كېسىلى بايقىلىپ
دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىلسا، «ۋاي بىچارە،
ئەمدى تۈرمىدە ياتقاندەك ئۇ يەردە قىشلاپ
ھارام دورىنى يەپ ئىمانىنى يوقىتىدىغان
بولدى» دېيىشەتتى. «بۇ كېسەل يۇقىدۇ،
قاچا - قۇچىلىرىڭىزنى ئايرىڭ» دېسە،
«ۋاي خۇدايىم، بىز كاپىر بولمىساق كې-
سەلدىن قورقىدىغان، كېسەل دېگەن يۇقامدۇ،
ئەمىسە ئۇنىڭغا كىمدىن يۇقۇپ قاپتۇ»
دېيىشەتتى. جىددىي كېسەللەرنى دوختۇرخانىدا
ياتقۇزۇپ ئاسما ئوكۇل سالسا «ۋاي بۇ
ئاسما ئوكۇل ماڭا سوغۇق كەتتى» دەيتتى.

موللىغا ئوقۇتۇش، پېرى ئويناتتۇرۇش
بىلەن يىلدا بىرنەچچە كېسەل ناھەق ئۆلۈپ
كېتەتتى. دوختۇرلار ھەر يىلى يېزىلارغا
بېرىپ دېھقانلارنى يىغىپ تازىلىق تەشۋى-
قاتى ئېلىپ باراتتى. لېكىن دېھقانلارچۇ؟
قىشلىقى بىر چاپان، بىر ئىشتاننى كىيىۋالسا
ئەتىيازدا بىراقلا تاشلايتتى. ئۆينى سا-
غاندىن تارتىپ زادىلا ئاقلىمايتتى. يوتقان-
كۆرپە تاشتەك قېتىپ كەتسىمۇ، ياز كەلمى-

گۈچە يۈمايتتى...

نەتىجە قانداق؟ يۈرەك كېسەلى، قان بېسىم كېسەلى خەتەرلىك دەپ قارالغان بىلەن ئەمەلىيەتتە يېزىلاردا ئۆپكە كېسەللىكلىرى بىلەن ئاغرىيدىغانلار خېلى سانىنى ئىگىلەيتتى. بىراق، يەنە كېلىپ يۇقۇملۇق دەپ سانالغان بۇ كېسەلگە يېزىلاردا ئېتىبار بېرىش تېخى يېتەرلىك بولمايۋاتاتتى. بۇ مەسىلىگە جىددىي مۇئامىلە قىلىنمايۋاتاتتى.

— پۇل ئەكەلدىم دوختۇر، ئىككى توقماقنى ياغاملىقا چېگىپ كەلدىم، بىر ئىلاجى قىلىسىلا.

چاچلىرى ئاقارغان، چىرايى پارقىراپ تۇرىدىغان، ياشانغان دوختۇر ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى-دە، ئوسمانغا:

— ئۇكام، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز كېسەل داۋالاش، لېكىن مەن مۆجىزە يارىتالمايمەن. ئايالىڭىز ئۆپكە كېسەل بولغىلى يەتتە يىل بوپتۇ. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، دەسلەپتە ئون-يىگىرمە يۈەن، كېيىن ئىككى-ئۈچ يۈز يۈەننىڭمۇ غېمىنى قىلالماپسىلەر. لېكىن ھازىر ئايالىڭىزنىڭ ئىككى قانات ئۆپكىسى تېشىلىپ ساق يېرى قالماپتۇ. سىلەر دېھقان، دورىلار قىممەت، باھاسى يەنە ئۆرلەۋاتىدۇ. ئالتە ئاي دوختۇرخانىدا ئىدىرلىماي ياتسىمۇ قانداق بولاركىن-تاك. راستىنى ئېيتسام، ئايالىڭىزنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىد ناھايىتى ئاز.

ئوسماننىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يەر-زېمىن پىرقىراۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى تۆمۈردەك كۆكەردى. چېكە تومۇرى چوكىدەك كۆپۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئاغزى ئۈمچەيدى...

— دوختۇر، رەھىم قىلسىلا، مېنىڭ ئايالىم بولمىسا قانداق قىلىمەن، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىلا.

دوختۇرنىڭ مۇشۇ تاپتا ئوسمانغا «سىلەر شۇنداق، كېسەل باشلانغاندا دوختۇرغا ئەكىلىپ داۋالاتمايسىلەر، مانا ئەمدى بۇنداق ھالەتتە ئەكىلىسىلەر، شۇلارغا كۆرسىتىڭ. ئۇلار خۇدانىڭ يېقىن بەندىلىرى، سىلەر ئىشەنگەن دوختۇر بولغاندىكەن، ئۇلار سىزگە ياردەم قىلسۇن» دېمەكچى بولسىمۇ ئۇنداق دېمىدى. ئىچىدە رەنجىگەن، ئازابلانغان بولسىمۇ چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادە بىلىنمەيتتى. ئۇ ئاخىرى:

— شۇنداق ئۇكام، داخان، پىرىخۇن، موللىغا يۈگۈرمەي بالدۇرراق كېلىدىغان گەپ ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

× × ×

ئوسمان بىلەن پاتىگۈل ئاپتوبۇس بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئايالىنى بىر ئاي دوختۇردا ياتقۇزدى، ئايالغا قان سالدى، ئاسما ئوكۇل ۋە قىممەت پۇللۇق قۇۋۋەت دورىلىرىنى ئىچكۈزدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۈنۈمى چوڭ بولمىدى. ئۇ بىرمۇنچە دورا-ئوكۇل سېتىۋېلىپ پاتىگۈلنى ئۆيدە كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قايتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئوسمان مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تۈزۈكرەك تاماقمۇ يېمىدى، كېچىسى ئۇخلىيالماي ئازاب بىلەن كېچىلەرنى ئۆتكۈزدى. ئاخىرى پاتىگۈلگە:

— دوختۇر چوڭ كېسەل يوق ئىكەن، يۆتىلى ساقايدى، ئۆيگە بېرىپ دەم ئالسۇن، دېدى، — دېگەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولۇپ يەرگە قارىۋالدى.

پاتىگۈلنىڭ ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى ئېرىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئېرىنىڭ بىردىنلا يۈۋاشلاپ، مۇلايىملىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئېرى ئۇنىڭ كۆزىگە بىرنەچچە كۈندىلا

ئورۇقلاپ قارىيىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئېرىگە ئىچى ئاغرىيدى. «بىچارە، مېنى كۈتمەن دەپ بەك جاپا تارتتى، ئۇ قايسى ۋاقىتلاردا راھەت كۆردىكىن؟ مەن ئاغرىپ قالمىغان بولسام، ئۇنىڭغا يانتاياق بولۇپ تۇرغان بولسام، ئېسىت، ئۇ ۋاقىتتا ئۇ راھەت بىلەن يەپ-ئىچىپ يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ روھىنى سۇندۇرۇپ قويدۇمغۇ دەيمەن، بىر كىشى كېسەل بولسا ھەممەيلەن پاراكەندە بولىدىكەن، مەن ئۇنى ياخشى كۈتەلمىدىم، مېھرىبانلىق قىلالمىدىم. ئوسمان، سىز مەندەك كېسەلچان ئايالغا ئۇچرىشىپ قالغىنىڭىز ئۈچۈن ئۆكۈنمەڭ» دەپ ئويلايتتى. ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئاقتۇرۇپ، ئۇنىڭ قەلب جاراھىتىگە مەلھەم بولغۇدەك سۆز ئىزدەيتتى، لېكىن نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟!

ئوسمان بۇ قېتىم شەھەرنى، شەھەردىكى ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىنى، ئاياللارنىڭ كەپ-سۆز، كىيىم-كېچەكلىرىگە تازا سەپسېلىپ باقتى. ئۇلاردا بىر خىل روھ، چەبدەستلىك ۋە ئۆزلىرىگە ئىشەنچ بارلىقىنى كۆردى. ئۆز ئايالىدەك ياش ئاياللارنىڭ يوللاردا كېتىۋېتىپ ئەرلىرى بىلەن پاراڭلاشقىنىنى، كۈلۈشلىرىنى كۆردى، ماگىزىن، ئاشخانا، دوختۇرخانىلاردا ئىشلەۋاتقان ئاياللارغا قاراپ، «پاتىگۈل بۇلاردەك كىيىنىپ، بۇلاردەك ياسىنىپ ئالسا ھېچكىم ئۇنىڭ چىرايلىقىغا، ئۇنىڭ بوي-بەستىگە تەڭ كېلەلمىگۈدەك جۇمۇ» دەپ ئويلىدى.

مەن ئايالىم بىلەن سەككىز يىلدىن ئارتۇق ياشىدىم، بىللە تۇرمۇش كۆچۈردۈم، ئۇنىڭغا نېمە بەردىم؟ قانچىلىك مېھرىبانلىق قىلدىم؟ ئايالىم يېزىدىكى مىڭلىغان ئەمگەكچى ئاياللارغا ئوخشاش جاپا تارتتى، كېچە-كۈندۈز دېمەي ئېتىزدا كاۋاپ بولۇپ ئىشلىدى، كېۋەز ئۆستۈردى، ئاشلىق ئۆستۈردى، ئاخشاملىرى ھەممىمىز ئارام ئالغاندا ئاش-تاماق قىلىپ بەردى، نان ياقتى، قاچا-قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ، بالىنى يەپلەپ ئۇخلاتتى. گاھى كېچىلىرى تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقماي كىيىملەرنى يۇدى، ياماپ ئاتامنىڭ، دادامنىڭ دەردىنى ھار-غىچە تارتتى، ئۇنىڭ گۇناھى نېمە؟ ئۇنىڭ گۇناھى ئايال بولغانلىقىدىنمۇ؟ ياكى ماڭا ئوخشاش قارا قورساق، نامرات دېھقانغا تەگكەنلىكىدىنمۇ؟ ئۇنىڭ ھاياتلىقتا قەدەم بېسىشى بىلەن كەمبەغەللىك، جاپا-مۇشەققەت تامغىسى پىشانىسىگە بېسىلغانىدىمۇ؟ ئۇنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە، بەختلىك ياشاشقا ھەققى يوقمۇ؟ مەن كالۋا ئۇنى كۈتمىدىم، ئۇ مېھرىبان، يۇۋاش، ئىنتايىن ئەتىۋارلىق ئايال بولغاچقا، قىلچە تەلەپ قويمىدى. باشقا ئاياللاردەك مەن بىلەن سوقۇشۇپ باقمىدى. ئۇ بىچارىنىڭمۇ شەھەردىكى ئايال-لاردەك ئېسىل كىيىملەرنى كىيگۈسى، ئىچەلمەي-يېيەلمەي يۈرگۈسى، كىنو-تىياتىر كۆرگۈسى، ئېسىل، چىرايلىق، يورۇق ئۆيلەردە ئولتۇرغۇسى بار بولغىيدى؟ مەن ئۇنىڭغا نېمە بەردىم؟ مەن ئۇنىڭغا نان بەردىم، ئاش بەردىم دەيتتىمەن، لېكىن بۇ كۆپ ئىشلەپ قورسىقى تويغۇدەك تاماق يېيەلمىدى. ئۇ شۇ كىچىككىنە قور-سىقى ئۈچۈن ياشىدىمۇ؟ ياق، ئۇ ئۆز ئائىلىسى، ئۆز پەرزەنتى، مەن ئۈچۈن ياشىدى، جاپا چەكتى...

ئوسمان ئويلىغانسېرى ئۆزىنى گۇناھكار سەزدى، نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى سىقىلغاندەك بولدى. دەرھەقىقەت بۇ ئائىلىدە شۇنداق چىگىش، شەپقەتسىز لىكلەر مەۋجۇت ئىكەن-دە.

ماشىنا ئاستا سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى. پاتىگۈلنىڭ ھالسىز تېنى ئوسماننىڭ يېنىدا

ئىدى، ئۇنىڭ بېشى ئوسماننىڭ مۈرىسىگە قويۇلغان، چاچلىرى ئۇنىڭ ئېڭەكلىرىگە، ساقاللىق يۈزلىرىگە تېگىپ تۇراتتى.

ئوسمان ناھىيىگە كەلدى-دە، ئۆزى ئارزۇ قىلغان تراكتورنى قولىغا ئالدى ۋە كىگىز-كېچەكنى قېلىن سېلىپ، پاتىگۈلنى ئولتۇرغۇزۇپ تراكتورنى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يۈرىكىنى ئازابلىغان ئوي-خىياللاردىن نېرى بولالمايتتى، ئۇ ھازىر تىلىگەن تىلىكىگە، ئارزۇ قىلغان تراكتورغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن دەغرۇر، خۇشال كېتىۋاتقاندەك قىلسىمۇ خىياللىرى ئۈزۈلمەيتتى، تراكتورنىڭ چاقى تىنىمسىز ئايلىناتتى. ئوسماننىڭ خىيال كېپىرى ئۇنى ئوي-خىيالغا ئېلىپ باراتتى...

بىز دېھقانلار ئەزەلدىن شۇنداق ئادەتلەنگەن. تاڭ ئاتماستىن ئىشقا چىقىمىز، بىلىمىزكە بىر ناننى تۈگۈپ كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيگە كىرىمىز، دېھقان دېگەن شۇنداق، تۇرمۇش دېگەن ئەمگەك، تاماق، ئۇيقۇ دەپ ئويلايدىكەنمىز. باشقىلار قانداق ياشايدۇ-ھە!

شەھەرنىڭ يۇلتۇزدەك يېنىپ تۇرىدىغان چىراغلىرى، ئاسپالىت يوللىرى، ياسىداق ئۆيلىرى، ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈشلىرى، سۇ، ئوتۇن دەپ يۈرمەسلىكلىرى... كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنىمۇ، بىزنىمۇ ئاللا ياراتقان تۇرسا، ھېلىمغىچە قاراڭغۇ ئۆي، كىرسىننى ئاياپ توخۇ قونداققا چىقمىشى بىلەن يوتقانغا كىرسەك. پۇل بولغان بىلەن نېمە راھەت... بار؟ بىز قاچانمۇ ئېلېكتر چىراغ يېقىپ، ئوبدان، يورۇق ئۆيلەردە ئولتۇرارمىز. ئەنە، يېزىدا بىر كىشىنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئەكەلگەن رادىئو، ئۈنئالغۇسى بار، ئۇنى ئاڭلايمىز دەپ پېرژىنكىتىر مېيى ئەكىرىمىز، كىشىلەر ئەنجان تامىنىڭ

تېشىدا ئولتۇرۇپ ئاڭلىشىدۇ، ھەر يىلى بىرەر قېتىم كېلىدىغان كىنو ئەترىتى كەنتكە كەلسە يەش كەنتنى ئاتلاپ بېرىپ كۆرىدىغان گەپ...

يېزا تۈن قوينىغا چۆمگەن، باش ئۈستىدە مەخمەلدەك تىنىق يۇلتۇز، ئاسمان قەرىدە ئورغاقتەك ئىنچىكە ئاي پارقىراپ تۇراتتى، بۇ تىنچ كېچىدە ئۇ نېمىشقىدۇر يالغۇز قالغان كىمىكتەك غېرىبسىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ياشتىن خىرەلەشكەن كۆزلىرى بىلەن پات-پات تراكتوردا ياتقان ئايالىغا قاراپ، ئىچ-ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغا چىقاتتى.

ئۇ ئۆستەڭ بويىغا كەلگەندە تراكتورنى توختاتتى-دە، پاتىگۈلنى كۆتۈرۈپ تۈزەپ ئولتۇرغۇزدى، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى، سىللىق يۈزلىرى ئايدىڭدا ناھايىتى گۈزەل، ساھىپجامال بولۇپ كۆرۈندى.

— ئۇسسىدىڭىزمۇ؟ قوغۇن تىلىپ بېرەيمۇ؟ ياكى ساماسا يەپ باقامسىز؟

پاتىگۈل خۇددى ئوسماندىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققاندەك، ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش، ئىچ-ئىچىدىن بىر خىل مېھىر، ئاۋازىدا، تىنىقىدا بىر خىل مۇڭ، دەرد، يۈرىكىدە بولسا مۇڭ ئۇرغۇيتتى.

ئوسمان ئايالىنى باغرىغا بېسىپ ئولتۇراتتى، ھايات نېمىدېگەن غەلىتە بىر نەرسە-ھە! نېمىشقا ئۇ شۇ چاققىچە ئايال قەلبىدىكى چەكسىز مېھىرنى بىلمىدى، نۇر بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ پاك تۇيغۇلارنى، ھېسسىياتنى ئەزىزلىمىدى. نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇرۇنراق كۆز يۈگۈنەلمىدى، شۇنچە يىلدىن بېرى بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ھاياتتىكى ئېغىر چېلىق، ھېرىش، چارچاش ناداللىق توستىمۇ؟ ئۇ ناھايىتى ئازلا ئوقۇدى. بۈگۈن 30 ياشتىن ئاشقاندىلا ئۆز ۋىلايىتىنى كۆردى. شەھەر-

دىكى تىنماي مىدىرلاپ يۈرگەن مىغ-مىغ
ئادەملەر توپىنى كۆردى. دېمەك، نادانلىق،
يوقسۇزلۇق ئۇنىسى شۇنچە يىللاردىن بېرى
تۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلغان ئىكەندە.

تراكتور ئوسمانىنىڭ يېزىسىغا كەلدى، مانا
ئوسمانىنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرى دانا مۇشۇ
يېزىدا ئۆتتى، ئۇ يالىڭاياق، يالاڭباش،
پاتقاق كېچىپ سۇغا چۈشۈپ ئوينايتتى،
قىرلاردا ئېتىناپ ياتاتتى، ئوتلاقلارغا
قويلىرىنى قويۇپ بېرىپ بالىلار بىلەن
چېلىشىپ ئوينايتتى، قورسىقى ئاچسا، تۆكۈ-
لۈپ تۇرغان ساپېرىق نان جىگدىلەرنى
دوپپا-دوپپا تېرىپ يەيتتى. بۇ چاغلار،
بەختىيار كۈلكىلەر، كۈمۈشرەڭ جىگدىلىكلەر،
بۇ تونۇش مەنزىرىلەر... ئۇنىڭ قەلبىدە
مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. بىز يېزىدىكى ھەر بىر
تۈپ دەل-دەرەخ، كۆركەم مەنزىرىلەر
بۇنىڭ ياشلىقىغا شاھىد...

يىراقتىن ئۇنىڭ كونىراپ ئۆرۈلەي دەپ
قالغان ئۆيى، ئىشىك ئالدىدىكى دوڭغاق
سۆگەت، پور تېرەك... ئۆيىنى باشقىدىن
سېلىش، ئىشىك ئالدىغا ئولتۇرىدىغان جاي
قىلىش، ئۆستەڭ بويىغا ئايلىغا كارىۋات
قويۇش كېرەك...

ھازىر ئۇنىڭ كۆپ قويى، 200 دەك
توخۇسى، سېۋەت-سېۋەت تۇخۇمى بار،
ئايالىنى قوي گۆشى، توخۇ گۆشى، تۇخۇم بىلەن
باقالايدۇ، پۇتون پۇلى، تەئەللۇقاتى بىلەن ئۇنى
كۈتىدۇ، ئۇ پەقەت بالىلىرى بىلەن ئۆيدە
ئولتۇرۇپ بەرسىلا كۇپايە. بىراق...

بىز جاھان شۇنداق جاھان، ئادىمى
بالىسى ئاۋۋال ئەقلى كەم تۇغۇلىدىكەن، كۆزى
ئېچىلىپ، ئاق-قارىنى بىلىپ، ئەتراپىغا
قارىساڭ ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتكەن.
پۇشايمان، ئازاب ئىچىدە قالىدىكەن. ھەي
يەنە شۇ نادانلىق بىلەن ياشايدىكەن،
ماڭىدىكەن، پۇشايمان قىلىدىكەن. ئۆزىنى
ئاخىر بىر كۈنى قەبرىستانلىقتا كۆرىدىكەن،
گاھى ئىشلارنى ياكى شۇ تىنچ ماكانغا
بارغىچە بىلگىلى بولمايدىكەن. ھەي گۇناھ-
كار بەندە. كېيىنرەك بولسىمۇ ئەقىل
تاپساڭ ھەياتىڭغۇ ئاخىر.

ئوسمانىڭمۇ كېچىككەنە ئەقىل كىردى،
بۇ ئەقىل ئۇنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىش
ئالدىدا، ناھايىتىمۇ كېچىكىپ كىردى.
جاھان دېگەن شۇ بىزنىڭ يېزا، ھايات دېگەن
ئېتىزدىكى ئەمگەك، تۇرمۇش دېگەن تاماق،
ئۇيقۇ دېگەن ئۇ قۇمغا مەركەزلىشىپ قالغان كاللا
شەھەرنى كۆرۈپ سەل ئېچىلدى. لېكىن ئۇ
كۆرگەن شەھەرنى چوڭ شەھەر بىلەن.
مەركەز بىلەن باشقا تەرەققىي قىلىۋاتقان جايلار
بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ؟ ئۇ ئەقلى بويىچە
يەنە نېمىلەرنى قىلالايدۇ، بۇنى تېخى ئۆزلىرى
بىلمەيتتى.

تراكتورنىڭ ئاۋازى كېچە قوينىدىكى
تىنچلىقنى بۇزۇپ كېتىۋاتاتتى. خوراز
چىللىدى، بۇ يېزىغا يەنە بىر كۈننىڭ يېتىپ
كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

1988-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

# ۋەيرانە ئۆيدىكى ئېلىشىش

(بىر پەردىلىك دراما)

**يالۇنېر [سوۋېت ئىتتىپاقى]**

**ئەخمەت ئىمىن تەرجىمىسى**

قاتناشقۇچىلار:

ئەر

ئايال

سەھنە كۆرۈنۈشى:

ئاسان قۇرۇق دېگۈدەك چوڭ بىر ئېغىز ئۆي ئىچىدە بىر ئەسكى سافا، ئادەتتىكى بىر ئۈستەل، ئىككى ئورۇندۇق بار. تامغا چاپلانغان گۈللۈك قەغەزلەرنىڭ بىرمۇنچە يېرى يىرتىلغان، لېكىن تامغا كىمدۇر بىر نەچچە پارچە سۈرەتنى ئېسىقلىق. ئۆي ئادەمگە سۇرلۇك بىلىنىدۇ.

ۋاقتى:

كۈز، كەچقۇرۇن.

پەردە ئېچىلىش ئالدىدا:

بىر ئەر كىشى چىقىدۇ، قولىدا پورتفېل.

## بىرىنچى كۆرۈنۈش

ئەر: (ئەجەپلەنگەن هالدا ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ) بۇ ئۆي نېمىدېگەن سۇرلۇك... بىر ئادەممۇ كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن ئىشىك ئوچۇق. خەتتىكىدە يەنە بىر سېلىشتۇرۇپ

---

ئارقىلىق ئۇنى باش ئەگدۈرمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەرز قىلىدۇ، 1896 - يىلى ئۇنىڭ ئېلىپ قېچىلغان نەرسە - كېرەكلىرى قايتۇرۇلىدۇ ھەمدە سۈرگۈندىن خالاس قىلىنىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. مەھمۇت ھېكىمبەگ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈپ كۆپلىگەن ماددىي ياردەملەرنى بېرىدۇ.

1896 - يىلدىن 1898 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەج تاۋاپ قىلىدۇ ۋە «تارىخىي ياقۇپبەگنامە»، «زەپەر نامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى قايتا رەتلەيدۇ.

مەھمۇت ھېكىمبەگ ئەرەب، پارس، ئوردو، تۈركىي تىللىرىنى پىششىق بىلىپلا قالماي، ئىلمىي نۇجۇمدىمۇ كاپالەتكە يەتكەنىدى. شۇنداق بولغاچقا ئىلىم ئەھلى ئۇنى ئىككىنچى ناۋايى دەپ ئاتىشاتتى.

ئۇ، 1902 - يىلىدىكى زور يەر تەۋرەشتە 82 يېشىدا ئاتۇشتا ۋاپات بولىدۇ.

باقاي قېنى (يانچۇغىدىن خەتنى ئېلىپ ئوقۇيدۇ)؛ ۋالا يىغىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى،
ئىنژېنېر ئاندرېيېۋ: ئالدىڭىزغا كېلىش ناھايىتى ئېغىر. مەن ئۆتەلمەك يېقىن دوستىمە
مەن بىر ئىش بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ بۇ ئىشنى سىزگە يەتكۈزۈۋاتىمەن: ئەگەر
تەپسىلى ئەھۋالنى بىلگۈڭىز كەلسە بۈگۈن كېلىڭ، ئىشتىن چۈشۈپلا كېلىڭ. كېچىكـ
سىڭىز مېنى ئۇچرىتالمايسىز. مانا، ئىمزاسى، مانا ئادرېسى... لېكىن بۇ
يەردە ھېچكىم يوقتۇ...

## ئىككىنچى كۆرۈنۈش

ئايال: (تۇيۇقسىز تېزلا چىقىپ كېلىدۇ) ھە، سىزمۇ؟
ئەر: (دەرھال بۇرۇلۇپ) توغرا دېدىڭىز... مەن...
ئايال: سىز كەلدىڭىز؟
ئەر: بۇ كېيىمىڭىزنى قانداق چۈشەنسەم بولىدۇ؟ شۇنداق... ئىشقىلىپ، مەن كەلگەندەك
تۇرىمەن...
ئايال: (كۈلۈمسىرەپ) كەچۈرۈڭ، بەكمۇ ئەخمەقانە سوئاللارنى سوراپ كەتتىم. سىزنى
تۇيۇقسىز كۆرۈپ ئۆزۈمچە خۇش بولۇپ كېتىپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قاپتىمەن...
ئەر: بۇ ئۆيىڭىز ئىشىكى مېھمانغا قالتىس ئىكەن، داغدام ئوچۇق تۇرۇپتۇ. سەل بېپەرۋ-
ۋالىق قىلىنغانمۇ قانداق.
ئايال: بۇ ئۆيگە بىرەر نېمىسىمۇ قويۇلمايدۇ، ھېچكىممۇ تۇرمايدۇ. بۇ مېنىڭ بىر ئاددى-
يىمىنىڭ، ھازىر كۆز بولۇپ قالغاچقا ئۇلار شەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ كەتتى.
ئەر: ئەمىسە سىزچۇ؟
ئايال: مېھمانخانىلار توشۇپ كېتىپتۇ، ماڭا بىر ئېغىز ئۆي چىقمىدى. شۇڭا ئاداشىمىزنىڭ
كېيى بويىچە ۋاقىتلىق تۇرۇپ تۇرۇۋاتىمەن.
ئەر: ھە، مۇنداق دەڭ.
ئايال: خوش، ئۇنداق بولسا، قېنى، ئۆزىڭىز ياخشى تۇرۇۋاتامسىز. ئىنژېنېر ئاندرېيېۋ؟
ئەر: ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ... ئاننا بېرېدلىيېۋنا. ئىسمىمىزنى توغرا دېگەندىمەن؟
ئايال: توغرا.
ئەر: ماڭا نېمە ئۈچۈن ئالدىراق تېپىشتىلىپ قارايسىز؟
ئايال: دوستۇمنىڭ ئوغلى قانداقراق ئىكەن، كۆرۈۋالاي دەپ قارىشىم.
ئەر: (كۈلۈمسىرەپ) خوش، قېنى ئوغلى قانداقراق ئىكەن؟
ئايال: چاتاق يوق، جايىدا...
ئەر: رەھمەت...
ئايال: سىز، ئايال خەقنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى خېلى تۇتۇشنى بىلىدىكەنسىز. چۈمۈلىدەك
كەچۈرۈڭ سىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلماپتىمەن.
ئەر: (ئەسكى سافاغا ئولتۇرىدۇ) رەھمەت. ئادەم قانداقراق؟

ئايال: ياماننەمەس. ئاسىتا خاراكتېرلىك كۆكرەك پەردە ياللۇغى بولۇپ قاپتۇ.

ئەر: ئۇختىمدە، ئازراق سوغ ئۆتۈپ قاپتۇ دەپ يېزىپتىكەن.

ئايال: ئۇ سىزنى ئەنسىرەتمىسۇن دەپ خالىمىغان. نېمىلا دېگەن بىلەن ئوپېراتسىيەلەر خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى.

ئەر: سىز ئانام بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرامسىز؟

ئايال: ئىككىمىز ئىككى كەسىپنىڭ ئادىمى. ئۇ بولسا دوختۇر، مەن بولسام ئارتىس. لېكىن يېقىندىن بۇيان بىز بەك يېقىن. خوش، سىزمۇ شۇنداق...

ئەر: قانداق؟

ئايال: مۇنداق ... ياق، نېمە دېمەكچىدىدا ...سىزمۇ نداق ئادەمنى تولىمۇ رازى قىلىدىغان... ئاتاقلىق ئىنژېنېر ئاندرېيېۋ، ئايروپىلان لايىھىلىگۈچى. لايىھىلىگەن ئايروپىلانلىرى پۈتكۈل دۇنيادا پەرۋاز قىلىپ ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلماقتا!

ئەر: ئەجەب زوق - شوقىڭىز بىلەن سۆزلەيدىكەنسىز.

ئايال: كەچۈرۈڭ... ئۆزۈم تازىمۇ جىرىك - جىرىك ئادەم ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بەزى ئىشلار زوق - شوقۇمنى قوزغىماي قالمايدۇ.

ئەر: دۇرۇست. تۇرمۇشتا ئادەمنى زوقلاندۇرىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ ھەم بولۇپ تۇرۇشىمۇ كېرەك.

ئايال: بۇ ئىشتىن چۈشۈپلا كېلىشىڭىزمۇ؟ ھەتتا ئۆيىڭىزگىمۇ يولۇقماي كەلدىڭىز؟

ئەر: شۇنداق... قارىغا، پورتفېلىمىمۇ قولۇمدا تۇرماقتۇ مانا. سىز بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئالدىراپلا كەلدىم...

ئايال: سىز نېمە دېگەن سۆيۈملۈك، ھورمەتكە سازاۋەر ئوغۇلدۇرسىز. سىزگە ھەقىقەتەن ئېھتىرام بىلدۈرۈش كېرەك ئىكەن. (ئۇنىڭ قېشىغا ئولتۇرۇپ) مانا، خېلى كونا تونۇش بولۇپ قالدۇق.

ئەر: شۇنداق، شۇنداق.

ئايال: يېنىڭىزدا تومپىيىپ تۇرغان نېمە ئۇ؟ تاپانچىمەك قىلىدۇغۇ؟

ئەر: ھەئە، تاپانچا.

ئايال: يېنىڭىزدا تاپانچا ئېلىپ يۈرەمسىز؟ نېمىشقا؟

ئەر: مەن مەخپىي ئورۇندا ئىشلەيمەن، ئانىنا بىردىيېۋنا. ھۆججەت سالغان بۇ پورتفېلنى يېنىمدىن ئايرىمايدىغان گەپ. بىرەر پىشكەللىككە ئۇچرىمايمەن دېگىلىمۇ بولمايدۇ... ئالىمدا دېگەن بىرەر ئىش بولۇپ قالامسۇن دەپ يېنىمدىن تاپانچا ئايرىمايمەن.

ئايال: ھازىرمۇ مەخپىي ھۆججەت بىلەن كەلدىڭىزمۇ؟

ئەر: ھازىرمۇ مەخپىي ھۆججەت بىلەن كەلدىم.

ئايال: (تۇيۇقسىز كولۇپ كېتىدۇ) كاللامغا تۇيۇقسىز قانداق بىر ئوي كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەمسىز؟

ئەر: قانداق ئوي كەلدى؟

ئايال: ناھايىتى ئەدەپسىز بىر ئوي، تۇيۇقسىز سىز بىلەن سۆيۈشكۈم كېلىپ قالدى.

ئەر: سۆيۈشكۈم؟

ئايال: شۇنداق. مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم. كۈلۈمسىرەشلىرىڭىز بەك يېقىملىق ئىكەن.

ئەر: (ئوڭايسىزلانغان ھالدا) بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى.

ئايال: سىز بەك ئوماق ئىكەنسىز، ئاياللار سىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىغاندۇر بەلكىم.

ئەر: مەن بەك ئېغىر، ئاننا بىردىلېيۋنا.

ئايال: لېكىن خوتۇنلاردا ئۇنچىلىك كۈچ تېپىلمىدۇ. ئۇلار بۇنداق ئىشلارنى بېجىرىشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرىنى بىلىدۇ. ھەتتا ئەرلەر پىلدەك ئېغىر بولسىمۇ كېرەك يوق، نېمىلا دېگەن، ئۇلار بۇ ئىشنىڭ ئەھلى.

ئەر: بىزنىڭ ئاياللىرىمىز يەنە باشقا تۈرگۈن ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ، ئاننا بىردىلېيۋنا.

ئايال: ياق، سىز بەك ئوماق... سىزدە شۇنداق بىر جەلپ قىلىش كۈچى باركەن، ئاپپىقىم.

ئەر: راستىمنى دېسەم، مەن بەك ئوڭايسىزلىنىپ قېلىۋاتىمەن.

ئايال: مۇنداق شارائىتتا... چەت-ياقىدىكى بۇ ئۆي... مۇنداق خالىيلىق... مۇشۇنداق ئالتۇن كۈز... ھەر قانداق كۈتۈلمىگەن خىيال بىھەۋەسۇ ئۆزلۈكىدىنلا ئويغىنىدۇ... تاپانچىڭىزغا ئوق سالغانمىدىڭىز؟

ئەر: ئەلۋەتتە، سالغان. ئەجەب سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

ئايال: ئۆزۈمچىلا سوراپ قويدۇم. دېمىسىمۇ، ئوقى بار تاپانچىنى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ يۈرۈشتىن قورقمامسىز؟ بىرەر كۆڭۈلسىز ۋەقە چىقىپ قالمىسۇن.

ئەر: مەن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىمەن، ئاننا بىردىلېيۋنا.

ئايال: كەچۈرۈڭ، مەن ئىش كۆرمىگەن ئايال، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاتاق چىقىشتىن بەك قورقىمەن.

ئەر: (كۈلۈپ) قورقماڭ، تاپانچا ئۆزىچىلا ئېتىلىپ كەتمەيدۇ (تاپانچىسىنى قولىغا ئالىدۇ).

ئايال: ۋىيەي، نېرى ئاپىرىڭ. مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ مۇنداق راست تاپانچىنى قولۇمغا ئېلىپ باقمىغان.

ئەر: نېمە تاپانچىنى دېدىڭىز؟

ئايال: ھېچقانداق تاپانچىنى. پەقەت ئويۇن قويغاندا يالغان تاپانچىنى ئېلىپ رولغا چىقىپ باققان. ھازىرغۇ تاپانچا ئېسىش مودا. ئاياللار چېنىدا ئاتالايدۇ.

ئەر: بۇ مودا ئەمەس! زۆرۈرىيەت.

ئايال: ئۇنداق بولسا تاپانچىڭىزنى قېنى ماڭا كۆرسىتىپ بېقىڭە. قولۇمغا ئېلىپ كۆرۈپ باقاي.

ئەر: ماقۇل. ئۆمرىگە كېلىپ تاپانچا تۇتۇپ باقمىغان ئادەمنىڭ قولىغا تۇنجى قېتىم تاپانچا ئالغىنىنى كۆرۈشمۇ قىزىق ئىش.

ئايال: بەكمۇ كۆلكىلىك بولۇشى مۇمكىن... يەنە كېلىپ قورقۇنچاق ئادەمنىڭ تاپانچىنى تۇتقىنى. بۇنى نېمە تاپانچا دەيدۇ؟

ئەر: بىرۋۇننىڭ دەيدۇ. مەڭ (تاپانچىنى سۇنىدۇ)، لېكىن ھەرگىز تەپكىسىگە چېقىلماڭ جۇمۇ.

## ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

ئايال: (تاپانچىنى ئىككىلىنىپ ئالىدۇ) ۋەيەي نېمىدېگەن سوغۇلۇك. (بىر پەس جىمجىتلىق. ئايال تۇيۇقسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قاتتىق ئاۋازدا) قېنى ئەمدى رەسىمگە كەپكە ئۆتەيلى.

ئەر: نېمە؟

ئايال: مۇشۇنچىلىك ئوينىغىنىمىز يېتەر. جايىڭىزغا ئولتۇرۇڭ، قىمىر قىلماڭ (تاپانچىنى ئۇنىڭغا توغرىلايدۇ).

ئەر: (تەمكىن ھالدا ئولتۇرىدۇ) بۇنداق چاقچاق قىلماڭ. ئاننا بېردىيېۋنا. تاپانچا ئوينىشىدىغان نەرسە ئەمەس.

ئايال: ياق، ئۇنداق ئەمەس، دوستۇم: مەن ئوينىشىۋاتقىنىم يوق. ماڭا ھەممىسى دىلى كېرەكى ماۋۇ پورتفېلىڭىز (پورتفېلنى سافادىن قولىغا ئېلىۋالىدۇ)...

ئەر: (سەل ئۆڭگەن بولسىمۇ يەنىلا تەمكىنلىكىنى ساقلىغان ھالدا) ئاننا بېردىيېۋنا، تولا چاقچاق قىلماڭ. پورتفېلنى قويۇڭ، ئۇنىڭدە ساپ مۇھىم ھۆججەتلەر بار.

ئايال: (جىددىي ھالدا) ماڭا كېرەكى مۇشۇ ھۆججەتلەر. ۋۇ قاپاقباش، مېنى تېخىچە چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاۋاتقىنىڭنى.

ئەر: بەكمۇ قاملاشمىغان ئىش قىلغىلى تۇردىڭىز... (ئورنىدىن تۇرىدۇ).

ئايال: (جىددىي ھالدا) كەينىڭگە يان، ئولتۇر. بولمىسا ئىتتىنى ئاتقاندەك ئېتىپ تاشلايمەن!

ئەر: (جايىغا ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئالاقزادە ھالدا) ئاننا بېردىيېۋنا، ئاننا بېردىيېۋنا...

ئايال: ھە، مەن مۇشۇنداق ئاننا بېردىيېۋنا... ۋۇ قاپاقباش، مېنى تېخى ئاناڭنىڭ خەۋىرىنى ئەكەلدى دەپ چىن پۈتۈپ قاپسەن-دە. بەس... ئەمدى بىھۇدە پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوق. ئەمدى ئۆپكىمىزنى بېسىپ ئۇزۇن پاراڭلىشىمىزنى قىلىمىز. پەقەت نەق پاراڭنى سېلىشىمىز. قېنى ئاۋۋال مېنىڭ كېيىنكى قولاق سال،

ئەر: سىز ساراڭ بولدىڭىز مۇ.

ئايال: بۇ ھازىر مەلۇم بولىدۇ، قېنى ئاۋۋال قولاق سال: بىرىنچىدىن، مەن ئاننا بېردىيېۋنا ئەمەس. ئىككىنچىدىن، مەن ئاناڭنى كۆرۈپ باققان بەندە ئەمەس، پەقەت ئۇ توغرۇلۇق ئاز-تولا خەۋەر ئاڭلاپ قالغان. چۈنكى مەن بۈگۈن بويىچە ماۋۇ پورتفېلىڭنى، ئۆزۈڭنى ئالغىلى كەلگەن ئادەم.

ئەر: مېنى؟

ئايال: شۇنداق. سەن بىزگە كېرەك.

ئەر: بىز دېگىنىڭىز كىملەر؟ (ھەيرانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرىدۇ).

ئايال: بىز، كەيپنى كىيىمن قىلايلى. ئولتۇر، ئاڭلاۋاتامسەن، ئولتۇر! (ئۇ ئولتۇرىدۇ) بىز- نىڭ كىملىكىمىزنى، نېمىشقا سېنى، ئالغىلى كەلگەنلىكىمىزنى سەن ئوڭاي پەملىيە- لەيسەن. مېنىڭچە سەن دائىم گېزىت كۆرۈپ تۇرىدىغان ئادەم، گېزىتلەردە بۇ ئىشلار ناھايىتى تەپسىلىي يېزىلغان. قىسقىسى، سەن بىز ئۈچۈن ئىشلىشىڭ كېرەك.

ئەر: ھازىر بىرلا ۋارقىرىسام، بۇ يەرگە خەقلەر كېلىدۇ.

ئايال: بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمەيدۇ، بۇ يەرنى بىز ئەتەي تاللىغان. بۇ يەردە بىر ئىنسانمۇ يوق، شۇڭا ئۇنىڭنى چىقارماي تۇرغىنىڭ ياخشىراق. مەن بىر تال تەگ- كىنى ئاسمانغا ئېتىۋېتىپ چۈشكىچە سوقۇۋېتىدىغان ئادەم. جېنىڭغا رەھىم قىل، مېڭەڭ چۇۋۇلۇپ كەتمىسۇن بىكارغا. (ئۇنىڭ مۇشتلىرى تۈگۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ) قولۇڭنى كۆتۈر! (جىددىي ھالدا) بۇيرۇق، قولۇڭنى كۆتۈر... ئەگەر جېنىم ئامان قالسۇن دېسەڭ...(ئۇ قولىنى كۆتۈرىدۇ) ھە، بۇ ئىشلىق جايىدا، ئەمدى جېنىڭدىن ئۈمىد كۈتسەڭ بولىدۇ.

ئەر: (قورققان ھالدا) سەن كىم؟

ئايال: ھېلى بىلىپ قالىسەن... ئەمدى بولغۇلۇق بولدى! بۇ ھۆججەتلەرنى يوقىتىپ قوي- ساڭ ئۇلار بەربىر سېنى كەچۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئۆلگەنلىك ئۈستىگە تەپكەندەك ئىش قىلىپ، بۇ ھۆججەتلەرنى سېنى ئۆزى بىزگە ساتقان دەپ ھەممە ئادەمگە يايىمىز.

ئەر: ساتقان!...

ئايال: ئۇنىڭ ئۈستىگە جېنىڭ مانا بىزنىڭ قولىمىزدا. ئەگەر سەن بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلساڭ، بۇ ھۆججەتلەرنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمىز.

ئەر: سىلەر تېخى قايتۇرۇپ بېرەمسىلەر؟

ئايال: لېكىن، قەدىرلىكىم، سىز تولا مۇئەممەرلىك قىلماڭ. بۇ بىزگە ئاقمايدۇ. ئالدى بىلەن ھۆججەتلەرنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋالىمىز، كەچتە ئاندىن ئەسلىسىنى قولى- ڭىزغا ئالىسىز. بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سىزگە چوڭ ئىنئام، پۇل بېرىمىز.

ئەر: قانداق پۇل؟

ئايال: گېرمانىيە پۇلى. (دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ) ھە، مانا ئەمدى ئەمەلىي مەسىلىگە كۆچۈل بۆلگىلى تۇرۇپسىز... بۇ ياخشى ئالامەت... ئۆزىڭىزمۇ ئەسلى ئانچە كاج- لاردىن ئەمەس ئىكەنسىز.

ئەر: ئۇلار مېنى قولغا ئالىدۇ... ئۆلتۈرىدۇ...

ئايال: تېزلا ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئۇ چاغقىچە سىز چەت ئەلگە چىقىپ كېتىسىز. چەت ئەل بانكىسىدا سىزنىڭ نامىڭىزدا پۇل بولىدۇ.

ئەر: مېنى ۋەيران قىلماقچى ئىكەنسىز-دە.

ئايال: بىر نەچچە ئادەمنى ۋەيران قىلىش بىز ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس. سەن بىز

بىلەن قارشىلاشقان سېنىڭ جېنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا نېمىتى. ئەڭ ياخشىسى بىز تەرەپكە ئۆت. (ۋارقىرايدۇ) قولۇڭنى كۆتۈر! قولۇڭنى كۆتۈرۈپ تۇر، ئاڭلاۋاتامسەن! ھازىر ماڭا تىلخەت يازىسەن.

ئەر: نېمە تىلخەت؟

ئايال: مۇشۇ ھۆججەتلەرگە تىزكەپ قويۇلىدىغان تىلخەت. ئاندىن پۇل تاپشۇرۇۋالغانلىق توغرىسىدا ئىسپاتنۇ يېزىپ بېرىسەن. تىلختكە راست گەپنى يازىسەن. ئەگەر جان كېرەك بولسا يازا. مۇشۇ تىلخەت بار ئىكەن، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

ئەر: مەن ھېچنېمە يازمايمەن.

ئايال: ئۇنداق بولسا بۈگۈن ھاياتىڭىزنىڭ ئاخىرقى كۈنى بولۇپ قالىدۇ. يېنىڭىزدا سىيا قەلەم بارمۇ؟

ئەر: ھېچنېمە يوق.

ئايال: مەن قەلىمىمنى بېرىپ تۇراي. (قەلىمىنى ئېلىپ،) مە. (ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ قەلەمنى تەڭلەيدۇ). (بۇ چاغدا ئەر كىشى: «كەينىڭگە قارا!» دەپ قاتتىق ۋاقىرايدۇ. ئايال دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇشىغا ئەر تۇيۇقسىز ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تاپانچىنى تارتىۋالىدۇ).

## تۆتىنچى كۆرۈنۈش

ئەر: (تاپانچىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ ۋاقىرايدۇ) قولۇڭنى كۆتۈر! (ئايال ناھايىتى ھولۇقۇپ كېتىپ ئىختىيارسىز قولىنى كۆتۈرىدۇ، لېكىن ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ناھايىتى خۇشال ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ)

ئەر: (ئەجەبلىنىپ) نېمىشقا كۈلىسەن؟

ئايال: (كۈلۈپ تۇرۇپ) سىز... سىز بۇنى راست دەپ قالدىڭىز...

ئەر: نېمە؟

ئايال: قەدىرلىكىم ... ۋۇ كۈلكىلىك ئەخمەقەي ... قورقۇپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭ، بىچارە، بىچارە ... (قاتتىق كۈلىدۇ).

ئەر: نېمە دەۋاتىسەن؟

ئايال: ۋۇي، كىچىك بالىمەي، سىز بىلەن ئويناشقىنىمنى بىلمەپسىز-دە، تېخى.

ئەر: ئويناشقىنىمنى؟

ئايال: مەن ئوينىشىپلا قالماستىن بىر قېتىم رېپېتىسىيە قىلىۋالدىم دەڭە تېخى.

ئەر: نېمىنى رېپېتىسىيە قىلىۋالدىڭ؟

ئايال: ئۆزۈم ئېلىپ چىقىدىغان يېڭى رولنى. ئۆزۈم ئارتىس بولغاچقا يېڭى بىر درامىدا ئايال ئىشپىيوننىڭ رولىغا چىقماقچى بولۇۋاتقان.

ئەر: (ئىشەنمەي) ياق...

ئايال: (خۇشال ھالدا) مەن سەھنە ئەسىرىدىكى ماڭا تېگىشلىك پۈتۈن سۆزنى سۆزلەپ چىقتىم. قىزىق يېرى شۇكى، سىزنىڭ جاۋابلىرىڭىزمۇ مېنىڭ ئويۇندىكى رەقىبىم-

ئىگكىدەكلا چىقتى.

ئەر: مېنى ئالداۋاتىسەن.

ئايال: ئويۇن ئوينىغانىدا راست بولۇۋاتقانىدەك ئويناش كېرەك. شۇنىداق بولغاندىلا ئادەملەرنى ئىشەندۇرگىلى بولىدۇ. تۇرمۇشىنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى تەجرىبە. مەن تېخى سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنىمۇ سىناپ باقتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگەشارا- ئىتىنىڭ ماس كېلىپ بەرگەنلىكىچۇ تېخى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئۆزىڭىزمۇ بەك قەتئىي، ناھايىتى باتۇر ئادەم ئەمەس ئىكەنسىز. (كۈلىدۇ)

ئەر: (سەل ئوڭايسىزلىنىپ) ياق...نېمىلا دېگەن بىلەن ھېچنەمە يازمىدىم-دە.

ئايال: ياق، يازماسلىقىڭىز ناتايىن ئىدى. ئېتىراپ قىلىڭ، نېمىلا دېگەن بىلەن تازا قورقتىڭىزغۇ...(ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ).

ئەر: (كەينىگە شوخشۇپ) يېقىن كەلمەڭ...

ئايال: (كۈلۈپ) قورقۇپ تېخى ھوشىڭىزغا كېلەلمەيۋاتامسىز، ھە، بىچارە.

ئەر: پورتفېلنى ئەكىلىڭ.

ئايال: مەڭ، مەھكەم تۇتۇڭ جۇمۇ.

ئەر: توۋا، ھېچ چۈشىنەلمىدىم...ئەجەپ غەلىتە ئىش بولدى. سىز راستلا ئويناشتىڭىزمۇ؟

ئايال: ۋۇي ئەخمىقمەي. مەن سىزگە خېتىڭىزنى بېرەي.

ئەر: نېمە خەت؟

ئايال: ئۆزىڭىزنىڭ ئانىسى يازغان خەت، مەن ئالغاچ كەلگەن. (ماڭىدۇ)

ئەر: نەگە بارىسىز؟

ئايال: توۋا، قورقىنىڭىزدىن ئەمدى مېنى بىر قەدەممۇ داجىتمەيدىكەنسىز-دە. (كۈلىدۇ) سىزگە خەتنى ئېلىپ بەرمىسەم بولماس. ئۇ خەت! سافادىكى ئاۋۇ پورتىمالنىڭ ئىچىدە. (پورتمالنى ئەكىلىپ ئىچىدىن خەتنى ئېلىپ) مەڭ.

ئەر: بۇ راستمۇ؟

ئايال: ئۇ تېخى ماڭا سىزنى ئۇنىڭ ئۈچۈن سۆيۈپ قويۇشنى تاپىلىغان. دىققەت قىلىڭ، مەن سىزنى سۆيىمەن جۇمۇ. ئەگەر خالىسىڭىز بىللە خەلق كومىتېتىغا بارسىاقمۇ بولىدۇ. ئۇ يەردە مېنىڭ سالاھىيىتىمنى ئېنىقلىۋالالايسىز. (كۈلىدۇ) بۇ تازا قىزىق ئىش بولدى.

ئەر: توغرا، بۇ ئانامنىڭ خېتى...دۇرۇس...(سەل ئىشىنىدۇ) ھەر نېمە بولسا كۆڭلۈم خېلى ئورنىغا چۈشتى.

ئايال: ئەمىسە تاپانچىڭىزنى يىغىشتۇرۇۋېلىڭ. ئۆزىڭىزمۇ سەزمەي ئېتىپ سالماڭ يەنە مېنى، باياتىن بېرى بەك جىددىيلىشىپ كەتتىڭىز.

ئەر: بولىدۇ. (ئۈستەلنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدۇ. تاپانچىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ، بىر قولى بىلەن ئۈستەلنى بېسىپ تۇرۇپ يەنە بىر قولىدا خەتنى ئاچىدۇ.)

ئايال: ئەمدى قۇرۇق گەپنى قويۇپ سىزگە رەسىمنى كايىپ قوياي.

ئەر: نېمىگە كايىيسىز؟

ئايال: قەدىرلىكىم، شۇنچىلىك بىپەرۋالىق قىلىسىڭىز بولامدۇ؟ مەخپىي ھۆججەتلەرنى قويۇپ قويماي ناتونۇش بىر ئايال بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگىنىڭىز نېمىسى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق چەت يەرگە...

ئەر: ئۆزۈم بەك دىققەت بولۇپ تۇراتتىم... ئانامنىڭ كېسەللى ئېغىر مىكىن دەپ ئويلاپتىمەن.

ئايال: سىز دېگەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنژېنېرى. مۇنداق بىپەرۋالىق قىلىسىڭىز بولمايدۇ.

ئەر: (ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپ) مەن ھەقىقەتەن خىجىل بولۇۋاتىمەن... مېنىڭ بۇ ئاجىزلىقىم...

ئايال: ھېچقىسى يوق، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئاجىزلىقى بولىدۇ، لېكىن سىز قولۇمدىن تاپانچىنى تارتىۋالىدىغان چاغدا قىلچە ئاجىزلىق قىلمىدىڭىز.

ئەر: بۇ يەر بەكمۇ خىلۋەت... قورقۇنچلۇق...

ئايال: توغرا... بۇ ئادەم تۇرمايدىغان خىلۋەت ئۆي... جىمجىتچىلىق... ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆز ۋاقتى دېگە... بىر چاقچاق قىلمايمەنمۇ دېگەن ئوي (كاللامغا تۇيۇقسىز كېلىپ قالدى.) مېنى بىلىدىغان ئادەملەر بۇ خەنجەرىمگە ھەيران قالمايدۇ. ئۆزۈممۇ سەل تەلۋىرەك، خېلى يامان ئىشلارنىمۇ قىلىۋېتىمەن بەزىدە. (كۈلىدۇ)

ئەر: (خەتكە كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ) سىز ئەمدى مېنى بوشاڭ، قورقۇنچاق دەپ تىللاي-دىغان بولدىڭىز... ئانامغىمۇ يامانلاپ بېرىدىغان بولدىڭىز-دە، مېنى.

ئايال: قاملاشمىغان گەپنى قويۇڭا. ئادەمنىڭ يۈرىكى ئاتا-نىڭ كاللىسىدەك بولمايدۇ. ئادەم دېگەن مانا سىزدەك بولىدۇ.

ئەر: ئۆزۈممۇ ھودۇقۇپ كېتىپ قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويدۇم.

ئايال: (شوخلۇق بىلەن) ھېچقىسى يوق، بۇندىن كېيىن سەگەكرەك بولسىڭىزلا بولغىنى. ھازىر سەگەك بولۇش بەك مۇھىم.

ئەر: ئانامنىڭ كېسەللى راستلا خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟

ئايال: خەتەرلىك ئەمەس، ھازىر ماڭغۇدەك بولۇپ قالدى. (يەنە تۇيۇقسىز كۈلۈپ كېتىدۇ).

ئەر: يەنە نېمىشقا كۈلىسىز؟

ئايال: كاللامغا يەنە تۇيۇقسىزلا بىر قىزىق خىيال كىرىۋاتىدۇ.

ئەر: نېمە خىيال؟

ئايال: ھازىر، مەن يەنە تاپانچىڭىزنى سورىسام ھەرگىز بەرمەيسىز.

ئەر: ئانىنا بېردىيۇنا، بۇ گەپنى قويۇڭ.

ئايال: دېمەك سىز يەنىلا ماڭا ئىشەنمەيۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟ ئۆزۈمچە قانداق قىلاركىن دەپ سورىغىنىم بۇ.

ئەر: مەن سىزگە ئىشىنىمەن.

ئايال: ئەمسە ماڭا نېمىشقا بەرمەيسىز؟

ئەر: بۇ گەپنى قىلماڭ، مەن خوش بولاي.

ئايال: مەن مۇشۇنداق ئىشلارنى تەھلىل قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. بىر ئادەمنىڭ پسىخىك ھالىتىگە باھا بېرىش قىزىقارلىق ئىش. بولۇپمۇ مەندەك ئارتىس ئۈچۈن

تېخىمۇ شۇنداق. بۇ يەردە زادى نېمە رول ئويناۋاتىدۇ، بىز بىرلىكتە) ئانالىز قىلىپ باقايلى، بۇ يەردىكىسىدىنى ئېھتىمال تاپالمىق دېمەك، يا يا بۇ ئېھتىمال تاپالىغان لىقنىڭ بىراقلا يوقالغانلىقىغا نېمە دېيىش كېرەك. ئەگەر بۇنى قورقۇش دېسەك دېمەك سىز ماڭا يەنىلا ئىشەنمىگەن بولىسىز؛ ئەگەر بۇنى بىسەرەمجان كۆڭلىنىڭ ئورنىغا چۈشمىگىنى دېسەك، ئۇنداقتا يەنىلا سىز ماڭا ئىشەنمىگەن بولىسىز. مەن قولۇمنى سىزنىڭ قولىڭىزنىڭ ئۈستىگە، شۇنداقلا تاپانچىڭىزنىڭ ئۈستىگە قوياي (قولىنى ئۇنىڭ ئۈستەلدىكى تاپانچىنى بېسىپ تۇرغان قولىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ).

ئەر: ئانىنا بىردىلىۋۇدىنا، قولىڭىزنى تارتىڭ.

ئايال: سەل تەخىر قىلىڭ، ئوينىشىۋاتىمەن. يۈزىڭىزنى ھازىر قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسىز؟ يەنە قورقۇۋاتامسىز؟ تېخىمۇ ئىشەنمەس بولۇپ كېتىۋاتقانسىز بەلكىم؟

ئەر: ئىشقىلىپ ئۆزۈمنى بەك بىئارام ھېس قىلىۋاتىمەن. نېمە قىلارىمنى ئۇقمايمەن. قولىڭىزنى تارتىڭ، تاپانچىنى يانچۇقۇمغا سېلىۋالاي.

ئايال: يۈرىكىڭىز سېلىپ كەتتى، شۇنداقمۇ؟

ئەر: ئانىنا بىردىلىۋۇدىنا، خۇش بولاي...

ئايال: سەل توختاڭ... ئاپلا! (ئۆزى ئۇقمىغاندەك بىر ھەرىكەت بىلەن پورتفېلنى ئۇنىڭ ئىزىدىن چۈشۈرىۋېتىدۇ. ئۇ ئېڭىشىپ پورتفېلنى ئېلىپ بولغىچە ئايال دەرھال تاپانچىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ كەينىگە بىر نەچچە قەدەم تەۋشىيدۇ)

## بەشىنچى كۆرۈنۈش

ئەر: (ۋارقىراپ) ئانىنا بىردىلىۋۇدىنا!

ئايال: قولىڭىزنى كۆتۈرۈڭ، كۆتۈرۈڭ! بولمىسا ئوق چىقىرىمەن.

ئەر: (ئىختىيارسىز قولىنى كۆتۈرىدۇ) ئانىنا بىردىلىۋۇدىنا، خۇش بولاي، ئۇنداق قىلماڭ. بۇ يەر پسىخولوگلارنىڭ تەجرىبىخانىسى ئەمەس. تاپانچىنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭ.

ئايال: ياق، قەدىرلىكىم، ئەمدى سىز تاپانچىڭىزنى ئالالمايسىز. يەنە توۋلىسىز ۋارقىراش بىلەن مېنى ئالدىيالمايسىز. (جىددىي ھالدا) پورتفېل! (ئۇنىڭ قولىدىن پورتفېلنى يۇلۇپ ئالىدۇ).

ئەر: شۇ تاپتا ھېچنېمە بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن. سىز زادى چاقچاق قىلىۋاتامسىز يا...

ئايال: بۇنى بىلمىسىڭىز، نېمىشقا ئاۋازىڭىز تىترەيدۇ؟ يالغان! ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىسىز، ھازىرلا تىل خەت يېزىڭ.

ئەر: دېمەك بۇ راست ئىش، شۇنداقمۇ؟

ئايال: ئىشەنسىڭىز بولىدۇكى، بىز سىزگە ئۇرغۇن پۇل بېرىمىز، ھېچقانداق خەتەر بولمايدۇ، پەقەت ھۆججەتلەردىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ بەرسىڭىزلا بولغىنى. مەن: «بىر-ئىككى-ئۈچ» دەپ سانايمەن، ئادەتتە: «ئۈچ» دەپ سانىغاندىلا ئوق چىقىرىدىغان ئادىتىم بار. قورقماڭ، ئىشىنىڭ، بىز ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان يالغۇز سىزلا ئەمەس.

ئەر: (ناھايىتى تېزلا) كلېرمۇ سىلەرگە ئىشلەمدۇ؟

ئايال: نېمە؟ بۇنى سىز نەدىن بىلىسىز؟ (ھەيرانلىقتىن كەينىگە داجىيدۇ).

ئەر: بەزىدە ئۇنى كىمدۇر بىرى بىلەن مەلۇم باغلىنىشى باردەك ھېس قىلىمەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداق ھېس قىلىمەنكىن تاڭ... لېكىن زادى كىمگە باغلانغان؟ بۇنى بىلمەيمەن...

ئايال: ئۇنىڭ ئىشى بىزگە ئوخشايغا توختىمغان. ئۇ نېمىس نەسلىدىن. سوۋېتكە بىزگە ئوخشاشلا ئۆچ.

ئەر: ئىنىژنېر ۋاسلېيۋچۇ؟ بوردوفچۇ؟ (قولىنى چوشۇرۇۋالىدۇ).

ئايال: ئۇلار تېخى بىزگە ئىشلىگىنى يوق. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن بىزگە تەسلىم بولۇشقا ئۇنىمايدۇ. لېكىن بىز ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىمىز. بىز ئۇلارنى بىز ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىمىز. (ۋارقىرايدۇ) قولىڭىزنى كۆتۈرۈڭ! قولىڭىزنى كۆتۈرۈڭ، ئاڭلاۋاتامسىز!

ئەر: (يەنە قولىنى كۆتۈرۈپ) ئەمسە سىز مېنىڭ ئانامنىڭ خېتىنى قانداق قولغا چۈشۈردىڭىز؟

ئايال: بىز ئۆيۈڭلارنىڭ خەت ساندۇقىدىن ئېلىۋالغان، ساندۇق قۇلۇپلانمىغان ئىكەن، بۇندىن كېيىن سىز ئېھتىيا تچانراق بولىسىز بولىدۇ. بىز ئۇنداق بىپەرۋالىققا يول قويمايمىز.

ئەر: (چاققانلا) ئىنىژنېر پدرووۋ يېقىمىچۇ؟

ئايال: نېمە؟

ئەر: ئۇمۇ سىلەر بىلەن بىللىمۇ؟

ئايال: ياق. سىلەرنىڭ لايىھىلەش بۆلۈمىدىن ھازىرچە پەقەت كلېرلا. كەچۈرۈڭ... سىز مېنى سوراق قىلىۋاتقاندەك تۇرىسىزغۇ، بۇ ھوقۇقنى سىزگە كىم بەرگەن؟

ئەر: بىر ئادەم يالغۇز قىلسا قورقۇنچلۇق... سىلەرنى...

ئايال: ياقەي، سىز يالغۇز ئەمەس، كلېر سىزگە ياردەملىشىدۇ، ئاندىن قالسا سىزگە ياردەملىشىدىغان باشقىلارمۇ بار.

ئەر: سىز مېنى نېمە قىل دېمەكچى؟

ئايال: مەن سىزگە خىراجەت بېرىپ تۇرىمەن. سىز يالغۇز مەن بىلەن ئالاقە قىلىسىز.

ئەر: لېكىن سىز تۇتۇلۇپ قېلىشىڭىز... قولغا ئېلىنىشىڭىز مۇمكىنغۇ.

ئايال: ياق، ئۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق. ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتىدىكى ئانوشىن ئىزىمنى ئىتتەك پۇراپ يۈرىدۇ. بۇنى بىلىمەن، لېكىن ئۇ مېنى تۇتالمايدۇ. مۇمكىن ئەمەس! مەن مېنى تۇتىمەن دەپ كەلگەنلەرگە قولۇمنى كەينىگە تۇتۇپ تۇرۇپ بېرىدىغانلاردىن ئەمەس. ناۋادا سىز ئانوشىن دېگەننى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ، ئۇ تېخى بالا. سىز مېنى شۇنداق دېدى دەپ قويارسىز.

## ئالتىنچى كۆرۈنۈش

ئەر: (تۇيۇقسىز تەمكىن قىياپەتكە كىرىپ) بولىدۇ، مەن دەپ قوياي (قولىنى چۇشۇرىدۇ).

ئايال: (ۋارقىرايدۇ) نېمىشقا قولىڭىزنى چۇشۇرىسىز؟ كۆتۇرۇڭ!

ئەر: (بەخۇدلۇك هالدا) تاماكا چېكىۋالاي، (تاماكىدىن ئۇنىڭغا بىر تال سۇنۇپ) تاماكا چېكىڭ.

ئايال: (ۋارقىراپ) قولىڭىزنى كۆتۇرۇڭ، بولمىسا ئوق چىقىرىمەن.

ئەر: (خاتىرجەم هالدا) ئوق چىقىرىمەن دېگىنىڭىزگە چىقىپ بېرىدىغان ئوقىڭىز يوقمى-كىن (تاماكا چېكىدۇ).

ئايال: نېمە؟

ئەر: بۇ تاپانچىنىڭ ئوقى يوق. سىز بىلمىسىڭىز كېرەك، ئەتىسىگەن ئوق سېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن...

ئايال: (دەرهال تاپانچىغا قاراپ) ئاپلا، ماۋۇ پالاكەتچىلىكنى! (تاپانچىنى تاشلىۋېتىپ هودۇقۇپ كەينىگە چېكىنىدۇ) سىز كىم؟

ئەر: (تەمكىن هالدا) بالا، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتىدىكى ئانوشىن. مەن تەنتەنە-لىك هالدا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي.

ئايال: نې... نېمە؟

ئەر: قورۇق كەپنى قويۇڭ، مېنى خېلى ئاخبارات بىلەن تەمىنلىدىڭىز. كۆپ رەهمەت، باشقا كەپ بولسا، كېيىن قالدۇرماي ئېيتارسىز. قانداق؟ هازىر ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، تېنىۋالمەن دېسىڭىز بىكار، (ئۇنىڭ قاچماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ تەمكىن هالدا) قېچىش كەتمەيدۇ، ئۆي مۇهاسىرىدە (ئوتوختاپ ئۇستەل تەرەپكە چېكىنىدۇ.) بۇ ئىشىڭىزمۇ ئارتۇقچە، ئەگەر تارتمىنىڭ ئىچىگە زاپاس تاپانچا سېلىپ قويغان بولسىڭىز ئۇمۇ سىزگە ئەسقاتمايدۇ. كەچۇرۇڭ، ئۇنى ئۆزۈم ئېلىۋالاي، (ئۇستەلنىڭ قېشىغا كېلىپ تارتمىدىن بىر تاپانچىنى ئېلىپ بىخىرامان يانچۇقىغا سالىدۇ).

ئايال: (هېلىلا هوشىدىن كېتىپ يىقىلىدىغاندەك) ياق... ياق ...سىز ئانوشىن ئەمەس.

ئەر: بۇنىڭغا ئايلىنىپ كېتىش كەتمەيدۇ، ئۇنچىلىك بولۇپ كەتمەڭ.

ئايال: بىزنىڭ خېتىمىز سىزنىڭ قولىڭىزغا قانداق چۇشۇپ قالىدۇ. بىز ئۇنى ئىنژېنېر ئاندرېيېۋغا ئەۋەتكەن تۇرساق.

ئەر: ئەپسۇس، ئىنژېنېر ئاندرېيېۋ بۈگۈن ناهايىتى ئالدىراش بولۇپ قالدى. شۇڭا ئىككىمىز مەسلىهەتلىشىپ ئۇنىڭ ئورنىدا مەن كەلگەن. بۇنىڭغا نارازىلىقىڭىز يوقمۇ دەيمەن؟

ئايال: (سافاغا ئولتۇرۇپ) نېمىشقا...سىز نېمىشقا مېنى موشۇك چاشقاننى ئوينىغاندەك ئوينىتىسىز؟ نېمىشقا دەسلەپتىلا مېنى تۇتمايسىز؟

ئەر: سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن بەزى ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ باقاي دېگەن، بولۇپمۇ كېلىرنىڭ ئەھۋالىنى. ئۆزۈمنىڭ كۈمانىمنى ئېيتىپ باقماقچىدىم. ئادەتتىكى سوراقتا قارىغاندا بۇ ئۇسۇل خېلى كۆڭۈللۈك. شۇنداقمۇ؟ بولمىسا ئەنزە ئېنىقلاش كاشىلىغا ئۇچرايدۇ.

ئايال: سىز، بايا قولۇمدىن تاپانچىنى يۇلاپ يۈرگەن ئىدىڭىز...

ئەر: بايام ئۆزىڭىز دېگەنغۇ، خۇددى رولغا چىققاندەك راست كۆرۈنۈش كېرەك. مەنمۇ سىزنىڭ گۇمانىڭىزنى قوزغاپ قويماسلىقىم لازىم. لېكىن ھازىر سىز بىلىدىڭىز، ئەمدى ئىقرارغا كەلمىسىڭىز بولمايدۇ. چۈنكى ھازىر بولغۇلۇق بولدى. ئەمدى بەرىبىر، شۇنداقمۇ؟ (ئۇ سافادىن قوپالماي ئۇنىڭغا قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ قالىدۇ)

ئەر: (چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا) بۇ يەر نېمىدېگەن تىنچ-ھە! بۇ قورۇق ئۆي، ئوچۇق ئىشىك... بۇ كوز... ھەقىقەتەن جىمجىت... راست، جىمجىتچىلىق... خۇددى پۈتۈن دۇنيا مۇشۇنداق غەلىتە جىمجىتلىق ئىچىدە تۇرغاندەك. (بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئۇ سائەتكە قارايدۇ) ھازىرلا ئالدىمىزغا ماشىنىمىز كېلىدۇ (سەھنە كەينىدىن ماشىنىنىڭ گۈدۈك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ) قاراڭ، كېيىم توپتوغرا چىققاندۇر.

پەردە چۈشىدۇ.

(«بىر پەردىلىك چەت ئەل دراممىلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتىن)

## سۆيگۈ

### ئابدۇللا غوجائەخمەت

ئېشقىنىڭ ئىشكەلى مۇھەببەت زىندانى،
كۆلسەڭمۇ
كۆڭلۈك چەكسىز جەننىتى دۇنيا.
يىغلايمەن ئوخشاش
يىغلاپ تۇرۇپ سۆيىمەن سېنى،
ياق، مەن سارالڭ ئەمەس!...
«شېر»، «تۈلكە»نى سۆيگەندەك گويا.

2

خىياللىرىم جۇل - جۇل شۇ قەدەر،
كۆز يېشىمغا تېگىشتىم ئاخىر
تىنگا ھلىرىڭ چاتقا للىنقىدا؟
كىپەنلىكىمنى
ئۇندىن قەدىم بىر ئىزنى ئىزدەر،
ياق، مەن سارالڭ ئەمەس!!!
لەۋلىرىدە سەرسان «ئەلۋىدا».

3

II

1

ئۇ:::::
يىغلىساڭمۇ
ئۇ سۆيگۈ!!!

# ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيەسىنى تۈزۈشكە قاتناشقان تۇنجى ئۇيغۇر ئالىمى - مۇھەممەت زەيىدى

پولات مۇمىن



تىلشۇناس ۋە تارىخچى ئالىم مۇھەممەت زەيىدى تۇغۇلغان يۇرتىنى سېنتەبىر 1981-يىلى يازدا تاشكەنتتىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن مەزگىلىدە. ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار ئىش-خانىسى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەم شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ساياھەتكە ئېلىپ باردى. ئۇ مەتبۇئات ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن سۆھبەت-لەردە بولدى. شۇنىڭدەك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇل-غانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا (ئا. ر مۇھاجىرلار سەھىپىسىدە) چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھا-جىرلىرىغا ۋەكىل بولۇپ نۇتۇق ئېلان قىلدى (شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1988-يىللىق 30-سېنتەبىردىكى سانىغا قارا-لسۇن). بىز م. زەيىدىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئىل-مىي ئىشلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ ئالىمنى تونۇشتۇردۇق ھەمدە ئۇنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە يازغان ئەسلىمىسىنى كىتابخانلار دىققىتىگە سۇندۇق.

— تەھرىردىن

مۇھەممەت زەيىدى، 1917-يىلى 8-ئايدا تۇرپاندا مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 20-يىللاردا تۇرپاندىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇپ، ناۋائىي، مەشرەپ، جامىي، سەئدىي ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان. 30-يىللارنىڭ باشلىرىدا تىل، تارىخ، ماتېماتىكا ۋە باشقا پەنلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ قولىيازمىلىرىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن. ئۆزلۈكىدىن خەنزۇچە ۋە رۇسچە ئۆگەنگەن. ئۈرۈمچىدىكى 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 30-يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندا ئوقۇتقۇچى، مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. مۇھەممەت زەيىدى شۇ چاغلاردىن باشلاپ تۇنجى ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيەسىنى تۈزگەن. 40-يىللاردا تۇرپان ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، تۇرپان ناھىيەلىك كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ، بۇ يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆتكۈر ھەم ھازىر جاۋاب ماقالىلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان. «تۇرپان دېھقانچىلىقىنىڭ قىيىنلىقى ۋە خەلقنىڭ ھۆكۈمەتتىن ئۈمىدى» دېگەن ماقالىسى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 47-يىللىقى ...

ئايلىق ساماللىرىدا بىر نەچچە بەت بويلاپ ئېلان قىلىندى. ماقالىدە خەلقنى سىياسىي جەھەتتىن ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈشنىڭ چارىلىرى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېزىلىش پاكىتلار بىلەن كۆرسىتىلىپ، خەلقىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۆزىگە خوجىلىق ھوقۇقى، ئانا دىن مەدەنىي-مائارىپنى گۈللەندۈرۈش تەلەپلىرى كۆرسىتىلگەن. 1947-يىلى 7-ئايدا بېتىم بۇزۇلغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئۇرۇمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ، تاكى 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىتتىپاق ئاخباراتى بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا مۇھىم ئوبزورلارنى يازغان.

1950-يىلىدىن 1963-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەچان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، شىنجاڭ پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ مىللەتلەر تىل-يېزىق تەتقىقات كومىتېتى مۇدىرى، بېيجىڭدا مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. م. زەيدىنىڭ بۇ يىللاردا «ئۇيغۇر تىلى ئىملاسى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز» (1951-يىل)، «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىسى» (1954-يىل)، «ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىسىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى» (1954-يىل) ۋە «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى» (1957-يىل) دېگەن كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تاكامۇللىشىشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

مۇھەممەت زەيدى 1963-يىلى تاشكەنتكە كۆچۈپ بارغان. بارغاندىن كېيىن، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل-ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئىلمىي خادىم ھەم ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى باش تەھرىر ھەيئىتىدە ئىلمىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1978-يىلىدىن باشلاپ مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. 1966-يىلى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئېنسىكلوپېدىيە باش تەھرىر ھەيئىتى مەسئۇللۇقىدا ئاكادېمىيىنىڭ «پەن» نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى» سىناق ئۈچۈن نەشر قىلغان بەش توملۇق قامۇستىن تارتىپ، 1967-يىلى رەسمىي نەشر قىلىنىشقا باشلىغان 1-تومىدىن تاكى 1980-يىلى ئاخىرقى 14-تومىغىچە تۈزۈلۈش خىزمىتىگە مۇھەممەت زەيدى باشتىن-ئاخىر قاتناشقان. پەننىڭ كۆپ خىل ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە مەشھۇر پەن ئالىملىرى قاتناشقان بۇ مۇھىم ئىشتا م. زەيدى بۇ توملارنىڭ شەرق مەدەنىيىتى، جۇڭگو، شىنجاڭ قىسىملىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. قامۇستا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۆتمۈش تارىخى، باي مەدەنىيىتى، ئۇلار ياراتقان تارىخىي شەھەرلەر، يادىكارلىقلارنىڭ تەپسىلاتلىرى بىرىنچى قېتىم كەڭ تونۇشتۇرۇلغان.

قامۇسلار سەھىپىسىدە ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانلىرى ۋە سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانلىرى (4 نەپەر)، پەن دوكتورلىرى ۋە پەن كاندىداتلىرى (46 نەپەر)، س س س ر يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى (10 نەپەر)، س س س ر رەسساملار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى (7 نەپەر)، س س س ر كومپوزىتورلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى (2 نەپەر)، رېسپوبلىكا دۆلەت مۇكاپاتى لائۇرېئاتلىرى (3 نەپەر)، ئۆزبېكىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن مەدەنىيەت خادىملىرى (3 نەپەر) ۋە ئۆزبېكىستان خەلق ئارتىسلىرى ھەم رېسپوبلىكا بويىچە خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىسلار ئايرىم-

ئايرىم ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلغان.


ئۆزبېك سوۋېت قامۇسىنىڭ نەشر قىلىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىدىكى يېڭى بىر ئىش بولۇشىغا قارىماي، بۇ قامۇسنىڭ I تومىغا 2835 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا دائىر 20 نەچچە پارچە ماقالىنى مۇھەممەت زەيدى تەييارلاپ بەرگەن.

Λ ھەرپىدىكى سەھىپىلەردە «ئارسلانخان» «ئابدۇكېرىم سۇتۇق بۇغراخان»، «ئابدۇرېشىتخان»، «ئابدۇغاپپار يەركەندى» ۋە ئۇنىڭ «زەپەرنامە شاھ باھادىرخان» ناملىق داستانى، «ئابدۇلئەلىم شائىراخۇن»، «ئابدۇرەھىم نىزارى»، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر»، «ئابدۇقادىر داموللا»، قەشقەرلىق مەشھۇر نەققاش «ئابدۇللا»، «ئابدۇكېرىم رازى»، «ئابدۇكېرىم ئاببا س»، «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»، Θ ھەرپىدىكى سەھىپىلەردە «ئەخمەتجان قاسىمى»، شۇنىڭدەك تۇرپاننىڭ بىرىنچى سۇلتانى «ئەلى سۇلتان»، قومۇلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقى «ئەمەت تاماق»، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىن «ئەخمەت يۈكنەكى»، «ئەخمەت زىيائى» ... قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان. قامۇسنىڭ باشقا توملىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا جايلىرىدا ياشاۋاتقان، شۇنىڭدەك شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات-سەنئىتى ۋە باشقا ساھەلىرىگە ئائىت مەخسۇس سەھىپىلەر بار. ئۆزبېك قامۇسىنىڭ 14-تومىدا ئۇيغۇرلار، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئۇيغۇر 12 مۇقامى، ئۇيغۇر تىياتىرى ۋە ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل ئانسامبلى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن.

«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەرگۈچى ئىلمىي ھۆججەت—ئۆزبېك سوۋېت قامۇسىنى باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىمۇ قىزغىن قارشى ئالدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق بارلىق ماتېرىياللارنى تەييارلىغان مەسئۇل خادىم ئاتاقلىق تىلشۇناس ۋە تارىخچى مۇھەممەت زەيدىنىڭ خىزمىتى ھەر دائىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ... مۇھەممەت زەيدى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى بويىچە ناھايىتى كۆپ ئىزدىنىش نەتىجىسىدە مىڭدىن ئوشۇق ماقالە تەييارلىدى، شۇلاردىن پەقەت بىر قىسمىلا ئۆزبېك سوۋېت قامۇسىدىن ئورۇن ئالدى. ئالىمنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئەنە شۇ باي تارىخىي ماتېرىياللارنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش. ھازىرمۇ شۇ مەقسەتتە تىنىماي ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا» («كوممۇنىزم تۇغى» 1987-يىل 11-فېۋرال سانىدىن).

ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى باش تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى مۇھەممەت زەيدى ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تەرەققىي تاپقان مىللەت ئىكەنلىكىنى ھەر تەرەپتىن ئىسپاتلايدىغان ماقالىلىرىنى «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلار» دېگەن نامدا مەخسۇس كىتاب سۈپىتىدە نەشر قىلدۇرۇشقا تەييارلاپ پۈتكۈزدى. بىز ئالىمنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز!





《天尔塔格》 文学双月刊
1989年第二期

تەڭرىتاغ قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنىلى
(1986 - يىل 2 - سان)

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会
编辑出版：《天尔格塔》编辑部
地　址：乌鲁木齐市新华南路16号
电话：78897
印　刷：新疆人民卫生厅出版社印刷厂
国内统一刊号CN65—1012／I
邮局代号58—83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلىدى
تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 78897
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلىدى
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CH65—1012/I
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58—83

零售价：1.20元
پارچە سېتىلىشى: 1.20 يۈەن




شەھەر باشلىقى يۈسۈپ ئەيسا تەڭرىتاغ ژۇرنىلى خىزمەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەكتە



قۇرۇلتايغا قاتناشقان خەتتاتلار جەمئىيىتى ۋەكىللىرى



# شىنجاڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ



مۇلازىمەت نىشانى: ئىشەنچ بىرىنچى، خېرىدارلار ھەممىدىن ئۈستۈن، مۇلازىمەتتە قىزغىن، سەممىي بولۇش. ئۈزلۈكسىز مەنپەئەت يەتكۈزۈش.

تىجارەت دائىرىسى: دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، ماتور، سۇغىرىش ماشىنىلىرى، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ماشىنىلىرى، ھەر خىل زاپچاسلار، يېزا .ترانسپورت ماشىنىلىرى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى، يېزا ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىرى، قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى، بىناكارلىق ماشىنىلىرى، كان ماشىنىلىرى، ترانسپورت ماشىنىلىرى، ساقلىق قازان، دېھقانچىلىق ئاپتوموبىللىرى ۋە زاپچاسلىرى، ستانوك سايمانلىرى، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، كۆرسەتكۈچ ئەسۋابلىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلار.

تىجارەت شەكلى: توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، ۋەكالەتەن سودا قىلىش، ۋەكالەتەن ئەۋەتىپ بېرىش.

شىركەت دىرېكتورى: ئەخمەت سابىت.
شۇجى: لى جۈشۈ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا كوچىسى 48 - نومۇر.

تېلېفون نومۇرى: 24441، تېلېگرامما نومۇرى: 7591.

